
2010 • 6

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

BULAK



# بۇلاق

ISSN 1005-0876

9 771005 087006 12>

源泉 (布拉克) • BULAK



كونا ئىمارەت

(رەسسام: ئەسقەر تۇردى)

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

31 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 135 ـ سان

ئەزىز ئوغلۇم، يامانلار بىلەن سۆھبەتداش
بولما. ئۇلاردىن يولۇشاستىن قاچقاندەك قاچ،
ھەممىگە رەھىم-شەپقەت كۆزى بىلەن
قارا، ئەپسىكىنىيىغ، ھەۋەسكە بېرىلمە، تەمە-
دىن ساقلان. ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق، ئورۇنسىز
كۈلكە، مەسخىرەۋازلىقتىن ھەزەر قىل. ئوچۇق
يۈز، شېرىن سۆز، خۇش مۇئامىلىك بول. ئالىم،
پازىل، ئەدەپ-ئەخلاقلىق كىشىلەر بىلەن
سۆھبەتداش بول، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن مەھرۇم
قالما.

خەتتات: شەيدائىف          دانالار ھېكمەتلىرىدىن

# بۇلاق

2010 ـ يىللىق 6 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئەپلاتون پەلسەپىسى ............ ئەبۇ نەسىر فارابىي (5)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

مىرئاتى شەرق ............ غىياسىددىن (17)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى

تەزكىرەئى ھەكىم ئاتا ............ (27)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم سايىم

شېئىرلار ............ (41)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت بوگو

كاشغەر ............ ئابدۇلۋاھىد قازى ھاجى (52)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: غازى ئەھمەد

### شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

رۇبائىيلار ............ پەرىددىن ئەتتار (56)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇسالام مۇھەممەد

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى «ماددەئى تارىخ» توغرىسىدا ...................... زەمىر سەئىدۇللازادە (71)
«كۇللىيات مەسنەۋىيى خاراباتى» ۋە ئۇنىڭ ئىلھام مەنبەسى «ھەدىس» تە ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي ئەخلاقىي قاراشلار توغرىسىدا ...................................................... ئەلانۇر يۇسۇپ (76)
ئەھمەد يەسسەۋىي شېئىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر فولكلورىدا ئىشلىتىلىشى ............... ئاينۇر قادىر (93)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

تۇرپان قەدىمىي توي ـ مۇراسىم تېكىستلىرى ...................... نەشرگە تەييارلىغۇچى: بوغدا ئابدۇللا (103)
ئالتۇن تاۋۇز ...................................... نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (106)
باتۇر قىز ........................................ نەشرگە تەييارلىغۇچى: دىلئارام باھاۋىدىن (108)

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: يېلىنىش (رەسسام: مەھمۇد فەرشچىيان)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نېغمەت

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

خەتتاتلار: قۇربانجان شەيدائى، مەمەت نەۋبەت، نۇرئەلى

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)

ئەبۇ نەسر فارابىي

# ئەپلاتون پەلسەپىسى

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

ئەبۇ نەسر ئەل فارابىينىڭ «ئەپلاتون پەلسەپىسى، ئۇنىڭ قىسىملىرى ۋە مەرتىۋىلىرى ھەققىدە» ناملىق بۇ ئەسىرى ئەپلاتوننىڭ ئادەمنىڭ قانداق ئۇسۇل ۋە يول بىلەن ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە، كامىللىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى تەھلىل قىلىشقا بېغىشلانغان. بۇ رىسالە يەتتە بۆلۈم، ئوتتۇز ئىككى پارچىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ئەپلاتوننىڭ ئوتتۇزغا يېقىن ئەسىرى تەھلىل قىلىنغان ۋە ئىجادىي ياندىشىلغان. ئەسەر شەكىل جەھەتتىن شەرھ بولسىمۇ، ئەمما ئەسلىدە ئۇنىڭ مۇستەقىل بىر رىسالە ئىكەنلىكى، شۇنداقلا بۇ رىسالىنىڭ ئەپلاتوننىڭ تەلىماتىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆگىنىشكە بېغىشلانغانلىقى ئالىملار تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئەسەردە ئىنساننىڭ ياشاش ئۇسۇلى، ئەخلاقى، كامالىتى، ئىزگۇ، خەيرلىك ئىشلىرى ئەڭ مۇھىم بەخت ـ سائادەت مەنبەسى ئىكەنلىكى روشەن چۈشەندۈرۈلىدۇ.

مەزكۇر رىسالە 1985 ـ يىلى ئالمائاتادا نەشر قىلىنغان «ئەل ـ فارابىي» ناملىق رۇسچە كىتابتىن ئۇرفان ئاتاجان تەرىپىدىن ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، تاشكەنتتە نەشر قىلىنىدىغان «جاھان ئەدەبىياتى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1999 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

## 1

1. ئەپلاتون ئەڭ دەسلەپ ئىنساننىڭ كامىللىقىنى تەتقىق قىلىدۇ: ئىنساندا قانداق پەزىلەتلەر بار ۋە قايسى پەزىلەت ئىنساننىڭ سائادەتمەن بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ؟ يېتۈك ئىنسانغا خاس پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى كامىللىق(ئەل ـ كەلمەئە)تۇر. كېيىن ئۇ، ئىنسان گۈزەل رۇخسارى، ئەۋرىشىم بەدىنى بولغىنى ئۈچۈنلا ياكى ئىنساننىڭ شۇلار بىلەن بىرگە يەنە ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ ئايمىقى، مەشھۇر قېرىنداشلىرى، دوستلىرى ۋە ئاشنىلىرى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن كامىلمۇ ياكى يەنە ئۇ كاتتا بايلىق ئىگىسى ۋە ئاۋامغا ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان جامائە ياكى شەھەر باشلىقى بولغانلىقى، ئۇلار (جامائە، شەھەر ئاھالىسى) بولسا ئۇنى ياقتۇرغانلىقى ئۈچۈن ھىمايە قىلامدۇ، دېگەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ چىقىدۇ. ئىنساننىڭ كامالەتكە ئېرىشىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ يۇكسىكى ھېسابلانغان سائادەت ساھىبى بولۇشنىڭ ئۆزى ئىنسانغا يېتەرلىكمۇ، دېگەن مەسىلىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەپلاتون بۇ مەسىلىنى تەھلىل قىلىپ، مۇنداق خۇلاسىگە كەلدى: ئادەملەر يا ئاشۇ نەرسىلەردىن

بىرىگە ئىگە بولۇشنى بەخت ـ سائادەت دەپ ئويلاپ، يېڭىلىشىدۇ، ياكى ئىنسان بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ياكى بىر قىسمىغا ئېرىشسىمۇ، يەنە نېمىدۇر يېتىشمىگىنى ئۈچۈن بەختى تولۇق بولمايدۇ.

كېيىن ئەپلاتون ئاشۇ نەرسىنىڭ نېمە بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تەتقىق قىلىدۇ ھەم ئىنساننىڭ بەختكە ئېرىشىشىگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىنىڭ قانداقتۇر بىلىم ۋە قانداقتۇر ياشاش شەكلى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا روشەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەپلاتوننىڭ «بىرىنچى ئەلكىۋىئاد» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغان. ئۇشبۇ كىتاب يەنە «ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدە» نامى بىلەن مەشھۇردۇر.

## 2

2. كېيىن ئەپلاتون ئادەملەر ئىنتىلگەن بەخت ـ سائادەتكە يېتىشىش ئىلمى بارمۇ، بولسا ئۇ نېمە ۋە قانداق بىلىم، دېگەنلەرنى ئېنىقلايدۇ. بۇ، ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشتۇر، بۇ بىلىم — ئىنسان كامالىتىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەقسىتىدۇر. بۇلار ئۇنىڭ «تېئەتېت» (تالتىيتۇس) ناملىق كىتابىدا ئىپادىلەنگەن.

3. ئەپلاتون يەنە ھەقىقىي بەختنىڭ زادى نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ قانداق بىلىمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى، قانداق خىسلەت ۋە ھەرىكەت (پائالىيەت)نىڭ ئىنسانغا بەخت كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېنىقلايدۇ ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت دەپ ئويلايدىغانلىرىنىڭ نېمە ۋە بەخت ئەمەس دەپ ئويلايدىغانلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پەزىلەتلىك بولۇش، پازىللارچە ياشاشقا ئېرىشىش — ھەقىقىي سائادەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلارنى ئۇ «فىلېب» ناملىق كىتابىدا يازغان.

4. ئەپلاتون ئىنسان بەختىنىڭ مەنبەسى بولغان ئاشۇ بىلىم ۋە ئاشۇ ياشاش شەكلىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇ ئاۋۋال بىلىمنى ۋە ئىنسان مەۋجۇت نەرسىلەر ھەققىدە خالىغان ماقام (دەرىجە)دە ياكى پروتاگور ئېيتقان دەرىجىدە بىلىم ئېلىشنى بىلەمدۇ، دېگەنلەرنى تەتقىق قىلدى. پروتاگور بولسا مۇنداق دېگەندى: ئىنسان مەۋجۇت نەرسىلەر ھەققىدە بىلىم ئېلىشنى بىلمەيدۇ، ئۇ پەقەت توغما بىلىملەرگە ئېگە بولۇشى مۇمكىندۇر. ئەمما بۇ، بىزنى قورشاپ تۇرغان ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى چۈشىنىش ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلگەن بىلىم ئەمەس.

كۆزەتكۈچىلەر بۇ مەسىلىنى تاكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھەققىدە تولۇق ئىشەنچ ھاسىل بولغۇچە ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈپ چىقىدۇ. ھەربىر ئايرىم (بىلىمدە) ئىشەنچكە ئېرىشىشكە مۇۋەپپەق بولغان نەرسىگە ئىنساننىڭ توغما بىلىمى ماس كېلىدۇ. پروتاگورنىڭ پىكرىچە، بۇ بىلىمگە ئىنتىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش شەرت ئەمەس. پروتاگورنىڭ ئېيتقىنىنى، يەنى زىددىيەت مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئەپلاتون «تېئەتېت» رىسالىسىدە خىسلەتلىرى ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئاشۇ بىلىمگە يېتىشىش ۋە ئېرىشىش مۇمكىنلىكىنى ۋە پروتاگور ئېيتقان بىلىم ئەمەس، بەلكى باشقا بىلىمنىڭ ئىنسانىي كامىللىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ «پروتاگور» («ئەفرۇتاغەرىس») ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغاندۇر.

5. ئەپلاتون ئىگىلەش مۇمكىن بولغان بىلىمنى كۆرۈپ چىقىدۇ: ئۇنىڭغا تاسادىپىي ئېرىشىلەمدۇ

ياكى تەتقىقات، ئوقۇتۇش ياكى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشىلەمدۇ؟ بۇ بىلىمگە ئېرىشىشكە ياردەم بېرىدىغان تەتقىقات ئۇسلۇبى مەۋجۇتمۇ ياكى مېنون ئېيتقان بىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇنداق تەتقىقات، ئوقۇتۇش ۋە ئۆگىنىش مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟ ئۇ، تەتقىقات، ئوقۇتۇش ۋە چوڭقۇر ئۆگىنىش بىكار ئىشتۇر، ئۇلار پايدا كەلتۈرمەيدۇ ۋە بىلىمگە ئېلىپ كەلمەيدۇ، دەپ جەزملەشتۈرىدۇ. ئەكسىچە، ئىنسان نەرسىنى تەتقىق قىلىش، ئوقۇش ۋە چوڭقۇر ئۆگىنىش تۈپەيلى چۈشىنىدۇ. ھەتتا بىلىش ھەققىدە سۆزلىگۈچىلەر ئۈچۈن كامالەتكە يېتىشنىڭ ئۇسۇلى تەتقىقات، ئوقۇش، ئۆگىنىش بولسىمۇ ئەمما، جاھىل ئادەمنى تەتقىقات ياردىمىدىمۇ، ئوقۇش ياردىمىدىمۇ ۋەياكى چوڭقۇر ئۆگىنىش ياردىمىدىمۇ ئۆگەتكىلى بولمايدۇ، جاھىل ئادەم دائىم، ئۆمۈر بويى جاھىللىق ھالىتىدە قېلىۋېرىدۇ. (كېيىن ئەپلاتون يەنە تەتقىقات ۋە ئەمەلىي ماھارەتلەرنىڭ ياردىمىدە (بەخت - سائادەت ھەققىدە) بىلىمگە ئېرىشىش مۇمكىن، ئۇشبۇ تەتقىقات بولسا ئەنە شۇ تەتقىقات ۋە ئەمەلىي قابىلىيەتلەر تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن، دەيدۇ. بۇلار ھەققىدە ئۇنىڭ «مېنان» («مانون» )ناملىق كىتابىدا يېزىلغان.

3

6. ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى بىلىش، چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان سەنئەت ۋە قابىلىيەتلەر ھەمدە تەتقىقات، ئوقۇش ۋە چوڭقۇر ئۆگىنىش ئىنساننى كامالەتكە يەتكۈزگۈچى بىلىمگە ئېرىشىش ۋاسىتىسى ئىكەنلىكى ئەپلاتونغا روشەن بولغاندىن كېيىن، ئۇ قانداق سەنئەتتىن بۇنداق بىلىمنى ئېلىش مۇمكىنلىكى ۋە بۇنداق بىلىمگە نېمىنىڭ ياردىمىدە ئېرىشىشكە بولىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى مەقسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەپلاتون مەلۇم سەنئەتلەر ۋە مەلۇم تەتقىقاتلارنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە باشلايدۇ.

دەسلەپتە ئۇ دىنىي نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە ئەتراپتىكى نەرسىلەر ھەققىدىكى دىنىي تەلىماتلارنى كۆرۈپ چىقىشقا كىرىشىدۇ: ئۇلار ئاشۇ بىلىم ۋە ئارزۇ قىلىنىغان (ئەل - مەتلۇب) ياشاش ئۇسۇلىنى بېرەلەمدۇ؟ ئەتراپتىكى نەرسىلەر ۋە ھەرىكەت(پائالىيەت) شەكلىنى تەتقىق قىلغۇچى دىنىي سىللوگىستىك («ئەل - قىياسەل - شەرئى»، يەنى قىياس قىلىش يولى — فارابىي مۇشۇ ئاتالمىنى قوللانغان — تەرجىماندىن) سەنئەت بۇ بىلىمنى بېرەمدۇ ياكى ئەتراپتىكى نەرسىلەر ھەققىدىكى ئاشۇ بىلىم ۋە ئۇ بېرىدىغان ئاشۇ ياشاش شەكلى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەتراپتىكى نەرسىلەر ھەققىدىكى بىلىملەرنىڭ ۋە پائالىيەت شەكلى ھەققىدىكى بىلىملەرنىڭ بىرقانچىسىنى دىنىي تەلىماتلار ۋە دىنىي سىللوگىستىك سەنئەت بېرىدىغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئۇ ئاشۇ مىقدارنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. «ئېۋتىفران» رىسالىسىدە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئېھتىياتچان بولۇشقا چاقىرىدۇ...

7. ئەپلاتون تىلنى بىلىش سەنئىتىنىڭ ئاشۇ سەنئەتلەرگە كىرىدىغان ياكى كىرمەيدىغانلىقىنىمۇ تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئەگەر ئادەم ئۆز تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقتىكى مەنىگە ۋە ئاشۇ نەرسە ھەققىدىكى تەلىماتقا مۇۋاپىق رەۋىشتە نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى بىلسە ھەم بۇ بىلىشى تىلشۇناسلارنىڭ ئۇسلۇبىغا ماس ھالەتتە بولسا، ئۇ (يەنى تىلنى بىلىش سەنئىتى — تەرجىماندىن) ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە خەۋەردار قىلامدۇ؛ شۇ ئارقىلىق ئىنسان ئىزدىنىۋاتقان بىلىمگە ئېرىشەمدۇ؟ بۇ سەنئەت (تىل

بىلىش سەنئىتى ــ تەرجىمان) زۆرۈرىي بىلىمنى بەرمەيدىغانلىقى ئەپلاتونغا ئېنىق ـ روشەن بولىدۇ. ئەپلاتون بۇ بىلىمگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تېپىش ئۈچۈن بىلىمنىڭ قانچىلىك مىقدارى كۇپايە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ «كراتىل» («ئىقراتەلىس») ئەسىرىدە بايان قىلىنغان.

8. ساناپ ئۆتۈلگەن سەنئەتلەر ئىچىدە ئەڭ زۆرۈر بىلىمنى بېرەلەيدىغىنى بولمىغىنى ئۈچۈن، بۇ بىلىمنى بېرىدىغان سەنئەت ــ شېئىرىي سەنئەت بولالايدىغانلىقىنى؛ شېئىر يېزىش ماھارىتى، شېئىرىيەتنى ۋە شائىرانە ئىبارىلەرنى يارىتىشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان ئىشلارنى ئىدراك قىلىش قابىلىيىتىنى ۋە ئاشۇ بىلىم بىلەن ئەتراپىتىكى (بىزنى قورشاپ تۇرغان) نەرسىلەرنى بىلىش ماھارىتىنى، داستانلار ۋە ئۇلاردا مۇجەسسەم بولغان مەنە ۋە مەسلىھەتلەرنى چۈشىنىش ئەتراپىتىكى تەبىئىي نەرسىلەر ھەققىدىكى بىلىمنى ھەمدە ئارزۇ قىلىنغان ياشاش ئۇسۇلى ھەققىدىكى بىلىمنى بېرەمدۇ ياكى بەرمەمدۇ، شۇلارنى ئۆگىنىدۇ.

ئەگەر ئىنسان شېئىرىي سەنئەتتە مەۋجۇت بولغان تەۋسىيەلەرنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنى تۈزىتىۋاتقان بولسا، شائىرانە تەربىيە ئۇنىڭ مۇكەممەل ئىنسانىي ياشاش شەكلىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ، ئەمەسمۇ؟ شېئىرىيەتنىڭ ياردىمىدە ئەتراپىتىكى نەرسىلەرنى ۋە ياشاش شەكلىنى بىلىش، ئۇشبۇ بىلىم ۋە ئۇشبۇ ياشاش شەكلىگە ئېرىشىش ئۇسۇلى تېپىلامدۇ، تېپىلمامدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بىرگە شېئىرىيەت قايسى دەرىجىدە بىلىم بېرىشى ۋە شېئىرىيەتنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى ئەپلاتونغا روشەن بولىدۇ. مەلۇم شائىرانە (شېئىرىي) يول مۇتلەق ھېچ نەرسە بەرمەيدىغانلىقىنى، ئەكسىچە، (مەقسەتتىن) ناھايىتى يىراققا ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتە «ئىئان» ناملىق كىتابىدا سۆز قىلىنغان.

9. كېيىن ئۇ نۇتۇق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىدۇ: ۋائىزلىق سەنئىتى ياكى رىتورىك ئۇسلۇبىتىن پايدىلىنىش ئەتراپىتىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ چىقىشتا ئاشۇ بىلىم ۋە ئاشۇ ياشاش شەكلىنى بېرەمدۇ؟ ئۇلار بۇ ئىشلارنى بەرمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ (يەنى ناتىقلىق سەنئىتى ۋە رىتورىك ئۇسلۇبىتىن پايدىلىنىش ئاشۇ بىلىم ۋە ئاشۇ ھايات شەكلىنى بەرمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ ــ تەرجىماندىن) ئەپلاتون. شۇنىڭ بىلەن بىرگە رىتورىك سەنئەتنىڭ قانچىلىك مىقداردا بىلىم بېرىشى ۋە بۇ مىقداردىكى بىلىم يېتەرلىكمۇ، ئەمەسمۇ، دېگەنلەر ئۇنىڭغا روشەن بولىدۇ.

10. شۇ يوسۇندا ئۇ سوفىستىك («سەنئەت ئەس ـ سوفىستانىيە») سەنئىتىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئاشۇ ئارزۇ قىلىنغان بىلىمنى بىزگە بېرىدىغان تەتقىقات سوفىستىكامۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئەپلاتون سوفىستىكىنىڭ بۇ بىلىمنى بەرمەيدىغانلىقىنى ۋە بۇنداق تەتقىقاتنىڭ بۇ بىلىمگە ئېلىپ بارمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ئەنە شۇ رەۋىشتە سوفىستىكىغا بولغان قابىلىيەتنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ «سوفىست» («سوفىستىس»)ۋە «ئېۋتىدېم»(«ئاتۇدىمەس») ناملىق كىتابلىرىدا يېزىلغان.

ئەپلاتون ئۆزىنىڭ مەشھۇر «سوفىست» ناملىق ئەسىرىدە سوفىستىك سەنئەتنىڭ نېمىلىكىنى، «سوفىست»نىڭ كىملىكىنى، ئۇ قانداق مەسىلىلەر دائىرىسىنى كۆرۈپ چىقىدىغانلىقىنى، ئۇزى سوفىستىكىنى قانداق قوللانغىنىنى، ئۇنىڭدىن قانچىلىك مەنپەئەتدار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىنسانغا ئارزۇ قىلىنغان بىلىمنى بېرىدىغان تەتقىقاتنى كۆرگىنىنى ۋە ھەقىقەتەن بىلىم مەۋجۇت بولغان مەسىلىلەرنى كۆرۈپ چىقمىغىنىنى ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئېنىقلىۋالىدۇ. «ئېۋتىدېم» كىتابىغا كەلسەك،

ئەپلاتون بۇ ئەسىرىدە سوفىستىك تەتقىقات ۋە سوفىستىك ئۆگىنىشنىڭ قايسى شەكىلدە ئويۇن (ئەرمەك) بولۇشقا يېقىنلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇلار ئاشۇ بىلىمنى ۋە نەزەرىيە ياكى ئەمەلىي سەنئەتتە پايدىلىنىلىدىغان بىلىمنى بەرمەيدۇ.

11. ئۇ يەنە دىيالېكتىكلار سەنئىتى ۋە دىيالېكتىك تەتقىقات ئىنسانغا ئاشۇ بىلىمنى بېرەمدۇ ياكى بەرمەمدۇ، ئاشۇ دىيالېكتىك تەتقىقات بىلىم بېرىشكە يېتەرلىك مىقدارغا ئىگىمۇ ياكى ئىگە ئەمەسمۇ، دېگەن مەسىلىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. دىيالېكتىك تەتقىقات بۇ بىلىمگە يېتىشىش ئۈچۈن كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ: ئەگەر بىلىشكە دىيالېكتىك تەتقىقات قوللىنىلماس ئىكەن، كۆپ نەرسىلەرنى بىلىش پۈرسىتىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ دەسلەپكى باشلىنىشىدىلا ئاشۇ بىلىمنى بەرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ (دىيالېكتىك تەتقىقات — تەرجىماندىن) تاكى ئاشۇ بىلىمگە ئېرىشمىگۈچە دىيالېكتىك مەشىق قابىلىيىتىنى تولدۇرغۇچى باشقا بىر ماھارەتكە موھتاج بولىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ئۇنىڭ مەشھۇر «پارمېنىد» («بارمېنىد») ناملىق ئەسىرىدە كۆرۈپ چىقىلغان.

**4**

12. ئەپلاتون نەزەرىي ياكى كۆزەتكۈچى سۆيپىتىدە مەلۇم بولغان بارچە سەنئەتلەرنى كۆرۈپ چىققان، مەۋجۇت نەرسىلەر ھەمدە بەختلىك ھايات شەكلى ھەققىدە بىلىم بېرىدىغان ھېچ نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن، ئەمەلىي سەنئەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھاسىلاتى بولغان پائالىيەتلەرنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ياكى ئۇلارنىڭ بىر قىسمىغا ئىگە بولغان ئىنسان بارچە مەۋجۇت نەرسىلەر ھەققىدە بىلىم ئالالامدۇ ياكى ئالالمامدۇ؟ بۇ سەنئەتلەر ئارزۇ قىلىنغان بەختلىك ھايات شەكلىگە ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتنى بېرەلەمدۇ؟ ناۋادا، بۇ سەنئەتلەر بىلىمنى ھەم ھەرىكەتنى ئۆزىدە بىرلەشتۈرەر ئىكەن، ئەپلاتون بۇ سەنئەتلەردىن ئېلىنىدىغان بىلىم ئاشۇ بىلىممۇ، ھەرىكەتلەر نەتىجىسى بولسا، بەختلىك ھايات شەكلىمۇ، شۇنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئەپلاتون ئۇلارنىڭمۇ ئاشۇ بىلىم ۋە ئاشۇ ھايات شەكلىنى بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن، ھەقىقەتەنمۇ بىلىم ئېلىنىشاتقانلار ئۇلارغا (ئاشۇ بىلىم ۋە ئاشۇ ھايات شەكلىگە — تەرجىماندىن) ئىنتىلىدۇ، ئەمما بۇ بېنەزىر (تەڭداشسىز) كامالەت ئەمەس، بىلىم ئېلىنىشاتقانلار بولسا، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە پەقەت پايدىلىق ۋە مەنپەئەتى تېگىدىغان ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىنتىلىدۇ. ئېھتىمال، پايدىلىق بىلىم زۆرۈر بولار، مەنپەئەتلىكى بولسا ھەرقانداق ۋاقىتتا زۆرۈر ۋە ئەۋزەل بولماس. ئادەملەر ئۇشبۇ سەنئەتلەرنىڭ ۋاسىتىسىدە زۆرۈرىي نەرسىلەرنى ياكى ئەۋزەل بولغان مەنپەئەتنى ئېلىش (ئۆزلەشتۈرۈش)قا ئىنتىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بارچە ئەمەلىي سەنئەتلەر ھەققىدىكى مەسىلە ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ئەپلاتون ئۆزى بىۋاسىتە ھالدا نېمىنىڭ زۆرۈر ۋە نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. مەنپەئەتلىكلىك ۋە ئەۋزەللىكنى قانداق چۈشىنىش ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا مەنىگە ئېلىپ بارىدىغان سىنونىملاردۇر. ئۇ خەلق ئارىسىدا پەزىلەت دەپ ھېسابلىنىدىغان پەزىلەتنى، خەلق پايدىلىق دەپ تەن ئالىدىغان پايدىلىقلىقنى راستتىنلا ھەقىقىي پەزىلەتلەر ۋە مەنپەئەتلەرمۇ دېگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىدۇ. يەنە ئۇ پايدىلىقلىقنى خەلق نۇقتىئىنەزىرىدىن تەتقىق

قىلىدۇ، يەنى پايدىلىق دەپ ئويلىغانلىرى ھەقىقەتەن پايدىلىقمۇ ياكى پايدىلىق ئەمەسمۇ؟

ئەپلاتون ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە خەلق ئارىسىدا ئەۋزەل ۋە پايدىلىق دەپ ھېسابلىنىدىغان بارچە نەرسىلەرگە شۇنداق ياندىشىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ «ئەلكىۋىئاد ئىككىنچى» ئەسىرىدە يېزىلغان.

13. كېيىن ئۇ ھەقىقەتەنمۇ پايدىلىق ۋە ئەۋزەل ئىشلارنى تەكشۈرىدۇ. ئەپلاتون خەلق ئارىسىدا پايدىلىق ۋە مەنپەئەتلىك دەپ ھېسابلىنىدىغان ئىشلار ۋە ھەقىقەتەنمۇ پايدىلىق ۋە مەنپەئەتلىك بولغان ئىشلار ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتنى ھەمدە ئۇشبۇ نىسبەتنىڭ قانداقلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەقىقىي مەنپەئەتنى يۇزەكى مەنپەئەتتىن ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن ۋاستە بولغۇچى ئاشۇ بىلىم ۋە ئاشۇ ھايات شەكلىنى تەشكىل قىلغۇچى مەنپەئەتلەر ۋە مۇناسىپ نەرسىلەر مەلۇم ئەمەلىي سەنئەتلەردە يېتەرلىك ئەمەس. بۇلار ھەققىدە ئۇنىڭ «گىپپارخ» كىتابىدا سۆز بولىدۇ.

14. ئەپلاتون بۇنداق ئارزۇ قىلىنغان كامالەت ۋە ئىزدىنىۋاتقان مەقسەتكە مۇناپىقلار ۋە ئۆز ئىنتىلىشلىرىدە ئادىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلى بىلەن ئېرىشكىلى بولامدۇ، دېگەن مەسىلىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇلار ئىلتىپاتقا ئەنە شۇ ئىنتىلىشلەرنىڭ ياردىمىدە مۇيەسسەر بولىدۇ ۋە باشقا مەقسەتكە چوڭقۇر كىرىپ بېرىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ھاياتنىڭ بۇنداق ئۇسۇلى ھەقىقەتەنمۇ چىدام، تاقەت بولۇپ، ئۇ خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە ئىنسان ئەنە شۇ ياشاش ئۇسۇلى سەۋەبلىك سائادەتلىك بولىدۇ (ئەسلىدە بۇنداق ئەمەسلىكىنى ئەپلاتون سەل كېيىنرەك چۈشەندۈرىدۇ — تەرجىماندىن) ئەپلاتون بۇلار ھەققىدە خەلقنىڭ قانداق پىكىر قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ئۆگىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياشاش ئۇسۇلى ۋە قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا سوفىستلار دەپ ھېسابلىنىدىغان ئىككى ئادەم ئىسمى بىلەن ئاتالغان كىتابىدا بايان قىلىنغان. بۇ ئادەملەرنىڭ ئىككىلىسىلا بەھستە ۋە سۆز ـ پائالىيەت بىلەن سوفىستلارچە ئىشەندۈرۈشتە ئۆز مەقسەتلىرىگە ئېرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىلا غەيرەتلىك ۋە مەرد ئادەملەر ئىدى. بۇ كىتابلارنىڭ بىرى «ئىئان»، ئىككىنچىسى «سوفىست ئېۋېن» دەپ ئاتالغان. ئەپلاتون بۇ ياشاش ئۇسۇلى بىلەن ئىزگۇ مەقسەتكە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ.

15. ئەپلاتون ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك ئادەملەرنىڭ ياشاش شەكلىنى تەكشۈرىدۇ؛ ئىنسان بۇ ياشاش شەكلى ئارقىلىق ئارزۇ قىلىنغان كامالەتكە ئېرىشەمدۇ ياكى ئېرىشەلمەمدۇ؟ ئەپلاتون ھەقىقىي ھۇزۇر ۋە كۆپچىلىكنىڭ پىكرىچە (زۇنۇنى مەشھۇرە بويىچە) ھۇزۇرنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ھەقىقىي ھۇزۇر — ئارزۇ قىلىنغان كامالەت بىلەن باغلىق ھۇزۇردۇر. ھۇزۇرلىنىش ئىمكانى بار ئادەملەر ھۇزۇر ـ ھالاۋەت تېپىۋاتقان نەرسىلەر ھەقىقىي ھۇزۇر كەلتۈرىدىغان نەرسىلەر ئەمەستۇر. ئۇنىڭ ھۇزۇر ھەققىدىكى كىتابى سوقراتقا تەئەللۇقتۇر، دېيىلىدۇ.

5

16. قاچانكى بارلىق ئاۋام قوبۇل قىلغان نەزەرىيەۋى ھەم ئەمەلىي سەنئەتلەر («سەنئەتى مەشھۇرە») ھەمدە ئومۇم قوبۇل قىلغان ياشاش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىش

ئۇچۇن زۆرۈر بىلىملەرنى بەرمەيدىغانلىقى ئەپلاتونغا روشەن بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاشۇ نەرسىنى ئېنىقلاشقا زۆرۈرىيەت بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ مەۋجۇت نەرسىلەر ھەققىدە ئۇشبۇ بىلىمنى بېرىدىغان كۆزىتىشكە ئاساسلانغان ئابستراكت مۇلاھىزە سەنئىتىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ۋە ئىنسانغا ئاشۇ ئارزۇ قىلىنغان ياشاش ئۇسۇلىنى بېرىدىغان ئەمەلىي سەنئەتنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر «بەزم» كىتابىدا بۇ تەپەككۇر سەنئىتىنىڭ پەلسەپە ئىكەنلىكىنى، بۇ بىلىمنى بېرىدىغان ئادەمنىڭ پەيلاسوپلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ ھەم «پەيلاسوپ» سۆزىنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىدۇ.

17. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ «ئەرىستان» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا، پەلسەپىنىڭ پەقەت ھەقىقەتەنمۇ ئەرزىگۈدەك نەرسىلەرنىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر پايدىلىق نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

18. ئەپلاتون ئارزۇ قىلىنغان ئاشۇ ياشاش شەكلىنى بېرىدىغان ئەمەلىي سەنئەتنى ئۆگىنىدۇ، بۇ سەنئەت دىللارنى تۈزىتىدۇ ۋە توغرا يولغا (ھىدايەتكە) باشلايدۇ. ئۇ دۆلەت ۋە پۇقرالىق سەنئىتىنى ھەمدە «ھۆكۈمدار»، «دۆلەت ئەربابى» قاتارلىق سۆزلەرنى چۈشەندۈرىدۇ، كېيىن ئۇ پەيلاسوپ ۋە ھۆكۈمدار ئىككىسىنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكىنى (يەنى، بىر خىل مەنىدە ئىكەنلىكىنى — تەرجىماندىن) ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىر ماھارەتنىڭ ياردىمىدە، بىر خىلدا مەشىق قىلىپ كامالەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە ئەڭ دەسلەپكى ئاساستىن باشلاپ ئارزۇ قىلىنغان بىلىم ۋە ئارزۇ قىلىنغان ياشاش شەكلىنى بېرىدىغان ئومۇمىي مەشغۇلات بارلىقىنى، پەقەت ئۇلار (پەيلاسوپ ۋە ھۆكۈمدار — تەرجىماندىن) لا كەمكۈتىسىز ھالاۋەت بېرىدىغان سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

19. ئومۇمىي مۇلاھىزە («زۇنۇن») بويىچە پەزىلەت دەپ ھېسابلىنىدىغان ئىزگۈلۈكنى ۋە ھەقىقەتەنمۇ ئىزگۈلۈك بولغان ئىزگۈلۈكنى ھەمدە ئادەملەر ئىزگۈلۈك دەپ ھېسابلىسىمۇ، لېكىن ئەسلىدە ساختا ئىزگۈلۈكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى؛ ئەمەلىيەتتە ئىزگۈلۈكنىڭ نېمە ۋە ھەقىقەتەنمۇ پەزىلەتلىك (يەنى ئىزگۈ ئىشلارنى قىلغۇچى — تەرجىماندىن) ئادەملەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئەپلاتون تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇ ئومۇم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان مۇلاھىزە («زۇنۇن»)نىڭ ھەقىقەتتىكى ئىزگۈلۈكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېنىقلايدۇ. بۇ ھالەتلەر ئۇنىڭ مەشھۇر «ھەرمىد» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنغان.

20. ئەپلاتون يەنە شەھەرلىكلەرگە مەلۇم بولغان جەسۇرلۇقنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ئومۇم مۇلاھىزىسى بويىچە قوبۇل قىلىنغان جەسۇرلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەم ھەقىقىي مەردلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ «لاخېت» («لائەخس») ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغان.

21. ئەپلاتون مۇھەببەت ۋە دوستلۇقنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇ ئومۇمنىڭ ئېڭى بويىچە قوبۇل قىلىنغان دوستلۇق ۋە مۇھەببەت بىلەن ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە دوستلۇقنى، نېمىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەتكە لايىق ئىشلىقىنى ۋە ئومۇمنىڭ ئېڭى بويىچە مۇھەببەتكە لايىق ئىشنىڭ نېمىلىكىنى تەھلىل قىلىدۇ.

22. تەھسىنگە لايىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تەقدىر تەرىپىدىن پەيلاسوپ ياكى دۆلەت ئەربابى بولۇشقا ئىنتىلگەن ئىنساننىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ؛ بۇنداق ئادەم

تەھسىنگە لايىق ئىشلارغا ئۆزىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىماي پەقەت ئەنە شۇنداق ئىشلارنى كۆپەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قاچانكى بۇنداق ئىشلارغا بولغان مايىللىق ياكى ئۇلارغا بولغان خاھىش مۇھەببەت تۈرىگە كىرسە، بۇ ھالەتتە ئەپلاتون مۇھەببەتنىڭ ئەنە شۇ تۈر بويىچە نېمە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ئۆگىنىدۇ، تەكشۈرىدۇ، ئەگەر مايىللىق ۋە خاھىش مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلاردىن نېمىنىڭ ئومۇم مۇلاھىزىسى بويىچە نامەقبۇل، نېمىنىڭ ئومۇم مۇلاھىزىسى بويىچە تەھسىنگە لايىق ھەمدە نېمە ھەقىقەتەنمۇ تەھسىنگە لايىق؟ دەل مانا شۇلار ئۇنىڭ تەتقىقات ماۋزۇسى بولدى.

نېمىگىدۇر بولغان مايىللىق ۋە خاھىشتىكى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش ۋەسۋەسە ۋە سەۋدايىلىق بىلەن باغلىق بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا دەسلەپكى چۈشەنچىدىلا يامان ئېلىنغانلىقى سەۋەبلىك، ئەپلاتون باشقىلار تەنبىھكە لايىق دەپ ھېسابلىغان ۋەسۋەسە ۋە سەۋدايىلىقنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ۋەسۋەسە ۋە سەۋدايىلىقنى يامانلىغانلار ھەققىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ، ئىلاھىي ئىشلار سەۋەبلىك ۋەسۋەسىگە چۈشىدىغان ۋە سەۋدايىلىق قىلىدىغانلاردىن كۆپچىلىكى تەبىئىي نەرسىلەرنى ئىستىقبالدا بىلەلىدۇ، بەزىلەر بولسا ئۇلارغا خەيرلىك ئىش(نېمەت) بولغان مۇھەببەتنىڭ ياردىمىدە ۋە مەسچىت ھەمدە ئىبادەتخانىلاردا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىزگۈلۈكلەرنى ئەۋزەل بىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدۇ، دەپ ئويلاپ بەزىدە ماختاپمۇ قويىدۇ.

ئەپلاتون ماختاشقا لايىق ئىستەك، مايىللىق، ئېھتىراس، ۋەسۋەسە، تەلۋىلىك(ئەقىلدىن ئېزىش) قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىلاھىي بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلار قانداق قىلىپ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ دىلىغا يېقىن بولىدۇ؟ ئۇ بۇنداق دەيدىغانلار ھەقىقەتەنمۇ بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، دەپ ئەسلىتىدۇ. ئىلاھىي دىل ساھىبى بولغان ئىنسان ھەقىقەتەنمۇ ئىلاھىي نەرسىلەرگە ئىنتىلىدۇ. ئەپلاتون بۇ دىلنى، مايىللىق، نىيەت، ئېھتىراس، ئەقىلدىن ئېزىش ۋە ۋەسۋەسىنى ئۇلاردىن قايسىبىرىنىڭ ماھىيەتەن ئىلاھىي ۋە ماختاشقا لايىق، قايسىلىرىنىڭ ئىنسانىي ۋە تەنبىھكە لايىق ئىكەنلىكلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەپلاتون سەۋدايىلىقنى ئارسلانسىمان، بۇقىسىمان ۋە ئۆچكىسىمان سەۋدايىلىقلار دەپ تۈرگە ئايرىيدۇ. ئەپلاتون ھايۋانىي سەۋدايىلىق بىلەن ئىلاھىي ئىشلار سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان تەلۋىلىك (دىۋانىلىك)نى تەھلىل قىلىپ چىقتى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىپ بەردى.

كېيىن ئەپلاتون ئىلاھىي دەپ ھېسابلىنىدىغان خەيرلىك نەرسىلەرگە بولغان ۋەسۋەسە ۋە مايىللىق دەرىجىلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئۇ پەلسەپە، مەدەنىيەت، كامالەت تۈپەيلى ئىزگۇ(خەيرلىك) مەقسەتنى ئىزدىگۈچى ئىنساننىڭ دىلى ئاقىل بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ۋە ئۇلارسىز نە پەيلاسوپ، نە دۆلەت ئەربابى، نە باشقا ھەرقانداق ئادەم ئىزگۇ مەقسەتكە ئېرىشىشكە ياردەم بېرىدىغان ياكى ئۆزى ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قېلىشقا سەۋەب بولغۇچى ئىشنى بېجىرەلمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

كېيىن ئەپلاتون ئىنسان پائالىيىتىنىڭ خاس يوللىرىنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە بۇنداق يوللارنىڭ ئىككى، يەنى تەقدىر يولى بىلەن تەرتىبات يولى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. كېيىن ئۇ، ئىككى ئۇسلۇبتىن ــ رىتورىك (ناتىقە) ۋە ئۇ دىيالېكتىك (ئەل ـ جەدەل) دەپ ئاتايدىغان ئوقۇتۇش (تەلىم بېرىش) ئۇسۇللىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. بۇ ئىككىلا ئۇسلۇبنى يۈزمۇيۈز سۆھبەتتە، مۇلاقەتتە ۋە مەكتۇپ (يېزىق)تا ئىشلىتىش مۇمكىن. كېيىن ئۇ يۈزمۇيۈز سۆھبەتنىڭ يارقىنلىقى ۋە يېزىقنىڭ

يارقىنلىقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، ئوقۇتۇش جەريانىدا سۆھبەتسىز پەقەت يېزىقنىڭ بولۇشىلا يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، يېزىق بىلەن نېمىگە ئېرىشىش مۇمكىنلىكىنى؛ يېزىقسىز پەقەت ئاغزاكى سۆھبەتنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچلىرىدىن بىرى ئاغزاكى نۇتۇق، يازما ئۇسلۇب بولسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچ بولغان. ئۇ پەيلاسوپ بولۇش ئۈچۈن ئىنساننىڭ نېمىلەرنى بىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ «فېدر» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغان.

23. بۇ سەنئەتنىڭ مەلۇم بولغان سەنئەتلەرگە كىرمەيدىغانلىقى ھەم ئەمەلىيەتتە خەيرلىك، ئىزگۈ بولغان ياشاش شەكلىمۇ ئەمەسلىكى، شۇنداقلا كامالەتكە يەتكەن پەيلاسوپ ۋە كامىل ھۆكۈمدار ئۆز ھەرىكەتلىرى (پائالىيىتى)نى ئۆز زامانىدىكى خەلقلەر ۋە شەھەرلەردە ئىشلىتەلمەيدىغانلىقى ئەپلاتونغا روشەن بولغاندىن كېيىن، ئۇ كىمكى ئۇلارنى ئۆز ئەجدادلىرىدىن تاپقان بولسا، ئاشۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرى(زۇنۇن)گە ئاساسلىنىش كېرەكمۇ ياكى ئۆز شەھىرى ئاھالىسىنىڭ مۇلاھىزىسىگە ئاساسلىنىش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ياشاش شەكىللىرىدىن كېلىپ چىقىش مۇمكىنمۇ دېگەن مەسىلىنى تەكشۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۇلارنى چوڭقۇر تەنقىدىي ئۆگىنەمەي تۇرۇپ ۋە ئۆز شەھىرى ئاھالىسىنىڭ مۇلاھىزىسى (زۇنۇنى)، ئۇلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ۋە مۇلاھىزىلىرىدە مەۋجۇت زىددىيەتلەرگە بەرھەم بەرمەي تۇرۇپ، ئۇلارغا ئاساسلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇلاھىزىلەردىكى مەۋجۇت ھەقىقەتكە ۋە ئەمەلىيەتتە خەيرلىك، ئىزگۈ ئىش بولغان خەيرلىك ياشاش ئۇسۇلىغا ئېرىشىش زۆرۈر. بۇلار ئۇنىڭ «كرىتون» («ئىقرىتۇن») ۋە «سوقرات مەدھى» («ئىختىجاجى سوقرات») كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان.

24. ئەپلاتون ئۆزىنىڭ كېيىنكى كىتابىدا ئىنسان خۇنۇك ياشاش ئۇسۇلىغا، قەبىھ، يامان بولغان جاھىلانە ئىشلارغا تەسىر ئۆتكۈزۈشى (چارە كۆرۈشى) كېرەكمۇ ياكى ئۇلارغا ئېتىبار بەرمەسلىكى كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئىنساننىڭ قانداق ياشىشى ۋە مەۋجۇت بولۇشى بىلەن باشقا ھايۋانلاردىن بولغان ۋەھشىي مەۋجۇداتلارنىڭ قانداق ياشىشى ۋە مەۋجۇت بولۇشى ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟ ئىنساننىڭ ئۆلۈشى ۋە مەۋجۇت بولماسلىقى بىلەن ئۇنىڭ جاھالەتتە ياشىشى ۋە خۇنۇك ھايات ئۇسۇلدا ياشىشى ئارىسىدا ھەمدە ئەڭ ۋەھشىي ھايۋاندەك بولۇشى ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟ نېمە ئەۋزەلرەك: ئەڭ ۋەھشىي ھايۋاننىڭ ياشاش ئۇسۇلىدىكى ھاياتمۇ ياكى ئۆلۈممۇ؟ ئەگەردە ئادەم خەيرلىك(ئىزگۈ) ھايات شەكلى ۋە پەلسەپىگە مۇۋاپىق ياشاشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسا ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا تۇرغىنى ۋە شۇنىڭغا قارىماي ھايۋانغا ئوخشاش ھايات كەچۈرۈۋاتقىنى ياكى ياشاش ئۇسۇلى ئۇنى ۋەھشىي ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقىنى مەلۇم بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئادەم شۇنداق ھايات بىلەن ياشاۋېرىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭغا چارە كۆرۈش كېرەكمۇ؟ ئەجەلنى ئەۋزەلرەك كۆرۈش لايىقمۇ؟

ئەگەر ئۇ ئادەم كەمتەر، جەسۇر ياكى قانداقتۇر خەيرلىك ئىش ئىگىسى بولۇشنى خالىسا، لېكىن خەيرلىك ئىشلار، كەمتەرلىك ۋە مەردلىك ئەمەلىيەتتە ئىزگۈ ئىش بولمىسا، يەنى، ساختا بولسا، ئۇ ھالدا ئىنسان ئۆز ھاياتى ياكى ئۆلۈمگە چارە كۆرۈشكە ئەرزىمدۇ؟ بۇ ئىشلارنى ئەپلاتون ئۆزىنىڭ «سوقراتنىڭ ئافېنالىقلارغا قارشى نارازىلىقى»(«سوقرات مەدھىيەسى») ۋە «فېدان» ناملىق ئەسەرلىرىدە تەھلىل قىلدى.

ئەپلاتون يامان ھاياتقا ئۆلۈم بىلەن چارە كۆرۈش (تەسىر كۆرسىتىش) كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ: بۇنداق تۆۋەن ھاياتقا ئىنسان ئىككى ھالەتتە چۈشىدۇ، دەيدۇ. بۇلار: ئۇنىڭ مىجەزىدە پەقەت ھايۋانىي ئىشلارنى قىلىش بولسا ياكى ھايۋانىي ئىشلاردىن ۋەھشىي، قەبىھ ئىشلار ئۇنىڭغا خاس بولسا، ئىنسانغا ھايۋانىيلىقنىڭ ھەتتا ئەڭ كامالەتكە يەتكىنى خاس بولغىنىدىكى ھالەتلىرى بىلەن ئۇ ئۆزىنى گويا ئۆلگەن ھېسابلىغىنىدىكى ياكى ھايۋانغا ئايلانغان ۋە ھايۋاننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولغىنىدىكى ھالەتلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

قىلمىشلىرى ھايۋاننىڭ ئىشىغا ئوخشاش ئادەم بىلەن تاشقى كۆرۈنۈشى ئىنسانىي (ئادەم سۈرەت) ۋە ئىشلىرى ئىنسانىنىڭكىگە ئوخشاش بولغان ھايۋان ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ئادەمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ھايۋاننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئوخشاش بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىمۇ ھايۋاننىڭ ئىشلىرىغا ئوخشىسا، بۇ ھالەت بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى تۈزىتىشى بارىسىدىكى مۇلاھىزىلەر ئارىسىدىمۇ پەرق يوق. ھەرقانداق ھالەتتە ئىنسانىيلىق سەۋەبلىك ئادەمدە مۇلاھىزە، پىكىر قىلىش مەۋجۇت بولىدۇ ۋە ئۇ ئەنە شۇ مۇلاھىزىنىڭ ياردىمىدە ئاشۇ ھايۋانىي ئىشنى ياخشىلايدۇ. بۇ — ئىنسان ئىگىدۇر.

ئاشۇ ھايۋاننىڭ قىلىقىدىكى ھەتتا ئەڭ كامالەتكە يەتكەن ئىشمۇ ئىنسانىي ئىشتىن يىراق بولىدۇ ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى ھايۋاننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئوخشىغان، لېكىن ئىنسانىي مۇلاھىزە (پىكىر)لىك ۋە ئەڭ كەمكۈتىسىز ئىشلىرى بىلەن بولسىمۇ، ئەگەر بۇ ھايۋاننىڭ ئىشلىرى (قىلىقى) جانلىق جىسمىدىن چىقىدىغان بولسا، بۇ پەقەت ھايۋاندىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاشۇ ئىش (ئەڭ كەمكۈتىسىز ئىش — تەرجىماندىن) بۇ ھايۋان ئىشىدا قانچىلىك كامالەتكە يەتكەن بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئىنسانىي ئىشلاردىن ناھايىتى يىراقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپلاتون ئىنسانىيلىقتىن يىراق، ھايۋانىي ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئادەم خۇددى سوقراتتەك ئۆلۈشكە ئىنتىلمەيدۇ، دەيدۇ. چۈنكى، سوقرات كەلگۈسىدە پەقەت «يالغان نۇقتىئىنەزەرلەر»دە ياشاشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادالەتنى دەپ ئۆلۈمنى ئەلا كۆردى. ئەگەر ئىنسان پازىل خەلق ۋە شەھەر (بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان شەھەر — شەھەرنى ھەمدە دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن) بىلەن نىزا قىلسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئىنسانىي ھايات بولماسلىقى سوقراتقا روشەن بولدى. ئەگەر خىلۋەتكە چېكىنىشنى ۋە ئۇلاردىن (پازىل خەلق ۋە شەھەردىن — تەرجىماندىن) يىراقلىشىپ، يالغۇزلۇقنى خالىسا ۋە كامالەتكە ئېرىشىشكە ئىنتىلسە، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ھاياتى بەختسىز ۋە ئۇنىڭ خاھىشى روياپقا چىقىشتىن يىراق بولار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككى يولدىن بىرىنى، يەنى ئۆلۈمنى ياكى ھەقىقەتتىن ۋاز كېچىشنى تاللىشى كېرەك ئىدى.

25. ئەپلاتونغا ئۆز دەۋرىدە مەۋجۇت بولغان ئاشۇ شەھەر ۋە ئاشۇ خەلققە ئەمەس، بەلكى باشقا شەھەر ۋە باشقا خەلققە ئېھتىياج بارلىقى ئېنىق بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئاشۇ شەھەرنىڭ قانداقلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق ئېھتىياج بار ئىدى. ئەپلاتون ئادالەتنى تەھلىل قىلىشقا باشلايدۇ، ئادالەت دېگەن نېمە، ئادالەت قانداق بولۇشى كېرەك، ئۇ شەھەرلەردە قانداق بولۇشى لازىم ۋە ئۇنىڭدىن (ئادالەتتىن) قانداق پايدىلىنىش زۆرۈر، دېگەنلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئادالەتنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئەڭ قەبىھ ئادالەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى ۋە ئادالەت ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھالىتىدە، تاكى شەھەرلەر ئاشۇ ئەھۋالدا قالسىمۇ، كۈچسىز بولمايدىغان ھەم توختىمايدىغان ئەڭ ئۇلۇغ قەبىھ يامانلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى. شۇڭا، ئەمدى ھازىر مەۋجۇت بولغان بۇنداق شەھەر ئەمەس، باشقا بىر شەھەر ھەقىقىي

ئادالەتنى ۋە ھەقىقەتەن ئىزگۈلۈك (پەزىلەتلىك) بولغان ئىزگۈلۈكنى يارىتىشى كېرەك بولىدۇ. شۇندىلا بۇ شەھەر ئۇنىڭ ئاھالىسىگە بەخت نېمىنى بەرسە، ئاشۇ نەرسىدىن نېسىۋىسىز قالمايدىغان شەھەرگە ئايلىنىدۇ ۋە پەقەت ئاشۇ شەھەردە ئۇلار ئۇنى (بەخت ـ سائادەت بېرىدىغان ئىشنى — تەرجىماندىن) تاپىدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق شەھەر بولىدۇكى، ئۇ يەردە ياشايدىغان ھەربىر ئادەم ئاشۇ شەھەردە نېمىنىڭ ياردىمىدە بەختكە ئېرىشسە، ئاشۇ نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت پائالىيىتىگە قاتنىشىشى كېرەك بولىدۇ؛ دۆلەت پائالىيىتىگە چىن مەنىدىكى پەلسەپە كىرگەن بولۇشى زۆرۈر ۋە پەيلاسوپلار بولسا ئۇنىڭ (دۆلەت پائالىيىتىنىڭ — تەرجىماندىن) ئەڭ بۈيۈك قىسمى بولۇشى كېرەك ھەمدە ئۇلار (پەيلاسوپلار) باشقا پەزىلەتلىك ئادەملەرگە ئېھتىرام كۆرسىتىشلىرى لازىم. كېيىن ئەپلاتون بۇ شەھەرگە قارىمۇقارشى شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ھايات تەرزىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. پازىل شەھەرلەرنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ۋە ئۇلارنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان سەۋەبلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. باشقا شەھەردە ئەمەس، دەل ئەنە شۇنداق (پازىل) شەھەردە ئارزۇ قىلىنىغان سائادەت تېپىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «سىياسەتچى» رىسالىسىدە شۇلارنى بايان قىلغان.

26. ئەپلاتونىنىڭ «تىمېي» ناملىق كىتابىدا يازغىنىغا قارىغاندا، بۇ شەھەر ئاۋامىنىڭ ئەقلىي مەشغۇلاتلىرىغا غەمخورلۇق قىلغان ھالدا قانۇن چىقىرىدۇ، (ئىلاھىي) پەنلەردىن تەبىئىي پەنلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ شەھەردە تەرتىپ ئورنىتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىلىمنىڭ بارچە تۈرلىرىدىن پايدىلىنىلىدۇ.

27. بۇلارنى ئەپلاتون شۇنداق شەھەر ئاھالىسى ئۆزىگە قوللانما قىلسا بولىدىغان «خەيرلىك ياشاش ئۇسۇلى ھەققىدە» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىدۇ.

28. كېيىن ئەپلاتون ئەقلىي، مەدەنىي ۋە ئەمەلىي پەنلەرنى ئۆزىدە بىرلەشتۈرىدىغان ئىنسانىيەتنىڭ قانداق قىلىپ كامالەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى ۋە بۇ شەھەرگە مۇناسىپ بولۇش ئۈچۈن ئۇ (ئىنسانىيەت — تەرجىماندىن) قانداق دەرىجىگە يېتىشى لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلارنى ئەپلاتون ئۆزىنىڭ «كرىتىي» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا ئېيتىپ ئۆتكەن. بۇ كىتابتا گېرموكراتىنىڭ بايان قىلغىنىدەك، تىمېي تەرىپلىگەن ئادەمنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى يېزىلغان، يەنى «تىمېي» كىتابىدا نېمە بايان قىلىنغان بولسا، ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سوقراتنىڭ قانداق قىلىپ بىرلەشتۈرگەنلىكى يېزىلغاندۇر.

6

29. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەھەردە بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئەمەلدە ئېرىشىش قالىدۇ. ئەپلاتون قاچانكى شەھەر كامالەتكە يەتكەن ھۆكۈمدار تەرىپىدىن باشقۇرۇلسا، ئاندىن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ساھىبى قانۇن (قانۇن چىقارغۇچى)نىڭ قانداق ئادەم بولۇشى كېرەكلىكى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن نېمىلەرنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەپلاتوننىڭ «ئېۋتىدېم» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىدۇ.

30. ئەپلاتون بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شەھەرلەر ئاھالىسىنى ئاشۇ بىلىمگە ئۆگىتىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئاشۇ ياشاش ئۇسۇلىدا تەربىيەلەش ھەمدە قانداق يول بىلەن —

سوقرات پايدىلانغان يول بىلەنمۇ ياكى فراسىماخنىڭ يولى بىلەن بېرىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ يەردە ئۇ سوقراتنىڭ ھېكايىسىنى قايتىلايدۇ، ئۇنىڭدا (سوقرات) ئۆزىنىڭ زۆرۈرىي بىلىملىرى يوقلۇقىدىن غەپلەتتە قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆز خەلقىدىن ئۆزرە سورايدۇ. ئەپلاتون فراسىماخنىڭ يولىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئۇ (فراسىماخ — تەرجىماندىن) ياشلارنى تەربىيەلەشتە ۋە خەلقنى ئىلىملىك قىلىشتا سوقراتتىن ئىقتىدارلىقراق دەيدۇ، گەرچە سوقراتنىڭ ئادالەت ۋە ئىزگۈ ئىش (پەزىلەت)لەرنى تەتقىق قىلىشتا ماھارىتى ھەمدە مۇھەببەتكە قابىللىقى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا (سوقراتتا — تەرجىماندىن) ياشلارنى ۋە خەلقنى تەربىيەلەشكە ئىقتىدار يوق ئىدى. پەيلاسوپ، ھاكىم ۋە ساھىبى قانۇن ئىككىلا يولدىن (يەنى سوقرات ۋە فراسىماخنىڭ يولىدىن — تەرجىماندىن) پايدىلىنىشقا ئىقتىدارلىق بولۇشلىرى زۆرۈر. سوقراتنىڭ ئۇسلۇبى تەتقىقات ئىشلىرىغا، فراسىماخنىڭ ئۇسلۇبى بولسا، ياشلار ۋە خەلقنى تەربىيەلەشكە تەئەللۇقتۇر.

31. ئەپلاتون ھاكىملارنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ ۋە ئەڭ مۇناسىپ ئادەملەرنىڭ پۇقرالار ئارىسىدىكى ئورنىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى، پۇقرالارنىڭ ئۇلارنى قانداق ھۆرمەت قىلىشى ۋە مۇناسىپ ئادەملەر ھەمدە ھاكىملارنى قانداق قوللىشى كېرەكلىكى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ توغرۇلۇق ئۇ «مېنېكسېن» كىتابىدا ھېكايە قىلىدۇ. ئەپلاتون ئۆز زاماندىشلىرىنىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەردىن چەتتە قويغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

32. ئەپلاتون كېيىن ئۆز زاماندىشلىرى بولغان شەھەر ئاھالىسى ۋە خەلقلەرگە قايتىپ، تەتقىقاتچى ئىنساننىڭلا كامالەتكە يەتكەن ۋە ئەڭ پەزىلەتلىك، مۆتىۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ، بۇنداق ئادەم چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى ئۇ پەقەت ئۆز ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئۇلار (كامالەت ۋە پەزىلەت — تەرجىماندىن) ئۇنىڭغا ياشاش ئۇسۇلى ۋە ھەقىقەتكە بولغان نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن ھەمدە ئىزگۈ، خەيرلىك ياشاش شەكلى ياكى ئۇلارغا يېقىن بولغىنى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەپلاتون خەلقنىڭ ياشاش ۋە شەھەرلەردە مەۋجۇت بولغان بۇزۇلغان قانۇنلارنى قانداق بەربات قىلىش كېرەكلىكى، ئۇلارنىڭ قانداق تۈزىتىلىشىنى، خەلقنىڭ ھايات يولىنى قانداق ئىسلاھ قىلىش زۆرۈرلۈكىنى رىسالىلەردە بايان قىلدى. بۇ رىسالىلەردە ئۇ(ئەپلاتون) ئىزگۈ خەيرلىك ياشاش ئۇسۇلىغا ۋە توغرا قانۇنلارغا ئاستا - ئاستا ئېلىپ بارىدىغان تەدبىر دەپ ئويلىغان پىكىرلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ ئافېنالىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش ئۇسۇللىرىنى ئەسلىتىپ، ھەر خىل مىساللارنى كەلتۈرىدۇ، ئۇلار(ئافېنالىقلار— تەرجىماندىن)نىڭ ئۆز قانۇنلىرىنى قانداق بۇزغانلىقىنى، بۇ قانۇنلارنى قايتىدىن قانداق ھالدا ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئەپلاتون ئۇلارنى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشقا دائىر ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلدى. ئافېنالىقلار ئۆزىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئۆز قانۇنلىرىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن ئۇلارغا خاس بولۇپ قالغان نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە قانۇنلار ھەققىدە سۆزلىدى.

ئەپلاتون پەلسەپىسىنى تەھلىل قىلىش مۇشۇ يەردە تۈگەيدۇ.

(ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

غىياسىددىن

# سىرئاتى شىرە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى

* * *

يەنە سۈننەت ئۇلكىم تەئامدىن بۇرۇن،
يەبان تۇز تەئام سارى بولسۇن نىگۇن.
دېدىلەر رەسۇلى خۇدا: يا ئەلى،
شەھى لافەتا، سەرۋەرى ھەر ۋەلى؛
كىم ئەتسە تەئام تۇز بىلە ئىبتىدا،
تاپار ئالتمىش ئۇچ دەردلەردىن شىفا.
يۈرەك ئاغرىقى ھەم جۇنۇنۇ جۇزام،
بەرەس بىرلە تىش ئاغرىقى ۋەسسەلام.
يەنە سۈننەت ئۇلدۇركى ئوڭ قول ئىلە
يېسۇن، يېمەسۇن ھېچ گاھ سوڭ ئىلە.
يەنە يېسۇن ئۇچ ئەسبەئ ئىلە مۇدام،
بىئەبھام سەبابە ۋەسەتى تامام.
يېمەك بەش ئىلىك ئىلە ھىرسۇ شىرە،
مۇنى قىلماڭىز كۆپ ياماندۇر شىرە،
رەسۇلى خۇداۋەندى فەخرۇل ـ ئەنام،
ئالار ئېردى بىر قولغەناندىن مۇدام.
يەنە بىر قولغە قاۋنىنى ئالىپ،
ئىكەۋدىن مۇبارەك ئاغزغە سالىپ.
يەپ ئايتۇر ئىدى: ھەر كىشى بۇ سىفەت
يېسە نانۇ قاغۇننى ئۇشبۇ سىفەت؛
تېنىدىن بولۇر دەفئ يەتمىش كەسەل،
بۇدۇر بەندەغە لۇتفى ئەززۇ ۋەجەل.
ئەگەرچە قولى بىرلە بەرسە مەدەد،
دۇرۇستدۇر يېمەكدە رەسۇلدىن سەنەد.
يەنە سۈننەت ئۇلدۇركىم، ئىكرامى نان،
بەغايەت كەسىر ئەيلەسۇن ھەر زەمان.
«فەتاۋايى مەسئۇد » ئارا بار يەقىن،
ئېتىپ نەقل بۇ سۆز رەسۇلى ئەمىن.
دېدى: كۆرسە يەر ئۇزرە نان مەيدەنى،
دەبان تەسمىيە ئاغزە سالسە ئانى.
ئاڭا ۋاجىب ئولغاي بىھىشتى بەرىن،
بولۇر رىزقى كۆپ لەھزە ھەر لەھزەدىن.
يەنە بولغاي ئەۋلادى غەمدىن ئەمان،
يەنە مىھردۇر ھۆرى ئەينغە ھەمان.

---

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا

ئانى ھەر بىرىگە خۇدايى ئەجەل،
بىھىشت ئىچرە بىر كۆشك بەرگەي بەدەل.
يەنە ئايدى بۇ سۆز رەسۇلى جەھان:
كى سىندۇرماسۇن ناننى بىر قول بىلەن.
يەنە ناننى ئۈستىگە ھەر نەرسەنى
قويۇماڭكى، خار ئايلاگەي ناننى.
يەنە قولنى ياكىم قىچاق نانگە پاك
كەراھەت ئېرۇر قىلماغاي ئەقلى ناك.
مەگەركىم ئۇشۇل ناننى يېسە رەۋان،
دۇرۇستتۇر كەراھەت كېتەر بىگۇمان.
يەنە باردۇ مەكرۇھ ناننى يۈزىن
كىشى يېسە كولاپ بەتىدىن يەقىن.
كېتەر ھۆرمەتى نان، رەسۇلى خۇدا
دېدى: ناننى خار ئەتسە كەلگەي بەلا.
كى يەئنى بولۇر قەھت سالى ئەزىم،
بۇ سۆزلەر ئېرۇر «شەرئە » ئىچرە مۇقىم.
يەنە سۇننەت ئۇلدۇركى، كۆز سالماسە،
شەرىك لۇقمەسىدىن كۆزىن ساقلاسە.
يەنە لۇقمەنى كۆپ كالان ئالماسۇن،
سالىپ ئاغزىغە خوب مەزەغ ئەيلەسۇن.
ئەگەر كەلسە ئەتسەۋۇ ياكىم يۇتال،
تەئامدىن يۈزىنى ئۆگۈرسۇن بۇ ھال.
پىچاق بىرلە نان قەتئى مەكرۇھدۇر،
يەنە گۆشت ھەم قەتئى مەكرۇھدۇر.
دېدى گۆشت قەتئىنى مەكرۇھ ئەمەس،
بۇدۇر مۇئتەبەر نۇسخەلەر سۆزى بەس.
ۋەلې مۇستەھەب يېسە گۆشت تىش بىلان،
ئۈزۈپ يېسە تاپقاي سەۋاب بىگۇمان.
تەئام گەر ئىسىغ بولسە نەفخ ئەتمەسۇن،
تەئامنى يېگەن ۋەقت فۇف دېمەسۇن.

يەنە باردۇ مەكرۇھ تەئام ئەسكەمەق،
تەئامدىن قولىن قاقماسۇن دەر تەبەق.
تەئام ۋەقتى سۇننەت ئېرۇر سۆزلاماق،
سۇكۇتدۇر مەجۇسىيلارە ئوخشاماق.
«فەتاۋى سىراجىي »دە باردۇر سۇكۇت،
مەجۇسىيلارە شەبە ئولۇر ۋەقتى قۇت.
كەراھەت ئېرۇر بەئزى مەتئۇمنى،
تۇتۇپ ناخۇشۇ ئەيب ئەيلەر ئانى.
مەگەر ئول تەئامكىم زەرەر ئەيلەسە،
ۋەياكىم تەغەييۇر ئەسەر ئەيلەسە.
چۇنانكىم كۆكەرسە، ۋەيا بۇيى بەد،
ئەگەر يېمەسە يوق كەراھەت ئەبەد.
تەئام گەر تەغەييۇر تاپسە با ئىشتىداد،
«خەزانە »دە ئانى ھەرام قىلدى ياد.
تۇرۇپ گۆشت بەدبۇي بولسە ئەگەر،
«قەنىييە »دە ئايدى ھەرام سەربەسەر.
يەنە كۆپ تەئامنى يەپ ئۆلسە گىران،
كەراھەت ئېرۇر بۇ سىفەت بىگۇمان.
دېدىلەر پەيەمبەر ئەلەيھىسسالام:
كىشىكىم سەقىل ئولسە كۆپ يەپ تەئام.
خۇدا جۇملەدىن ئانى دۇشمەن تۇتار،
قىيامەتدە كۆپ ئاچلىكلەر كۆرەر.
ھەسەن بەسرىيكىم ئېردى قۇتبى زەمان،
دېدى ئىككى نەرسە ئېرۇر كۆپ يامان.
بىرى مەستلىكدۇر، بىرى كۆپ يېمەك،
ئىكەۋدىن زەرۇرى زەرەر ئەيلامەك.
ئەنەسكىم نەبىيناغە ئەسھاب ئىدى،
مەگەر ئوغلى بىر كۈن تەئام كۆپ يېدى.
دېدى: ئەي ئوغۇل، گەر قەزايىڭ يېتىپ،
بۇ كۈن ئۆلسەڭ ئال ئۇشبۇ سۆزنى ئۇقىپ.

جىنازىلىك ئوقۇماس ئىدىم بىگۇمان،
كى بار سەن بۇ كۇن كۆپ يېمەكدىن گەران.
كىشى كۆپ تەئام يېسە كۆپ سۇ ئىچەر،
باسىپ ئۇيقۇ تائەتكە كاھىل ئۇلار.
كېتەر تەھەججۇد ۋىرد ئەۋراد ھەم،
ئۇلۇر كۆڭلى بىرەھم ھەم بىكەرەم.
يەنە سۇننەت ئولكىم تەئام بولسە ئاش،
يېسۇن ئالدىدىن ھەر كىشى بىتەلاش.
يەنە ئاشۇ نان ئورتاسىدىن يېمەك،
سەبەبدۇر بەرەكەتنى يوق ئەيلەمەك.
ۋەگەر مېۋەدۇر ئالسە ھەر سارىدىن،
مۇباھدۇر ئەگەر چەند ئالۇر نارىدىن.
بۇ سۆزلەر كىتابلاردە باردۇر تەمام،
بىتىدىم تەرەددۇت ئېتىپ ۋەسسالام.

## ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامغە كەلگەن سەھىفەلەردەغى نەسىھەتلەر بەيانى

چۇ ھەزرەت ىبراھىم ئەلەيھىسسەلام،
خەلىلللىك مەقامىدە ئېردى تەمام.
نەچە سەھىف ئاڭا ئىببەردى سەرىنە،
ئىدى ئەكسەرى پەندۇ ۋەئزۇ نەسىھە.
بىرى بۇ ئىدى: رىزقى مەقسۇم ئېرۇر،
ھەرىسلەر ھەمە ۋەقت مەھرۇم ئېرۇر.
بەخىلنى يامان كۆرگۇسى بارچە ئەل،
فەرىشتەلەرۇ ئەنبىيا ھەم دېگىل.
ھۇسۇد دائىما بولغۇسى غەرقى غەم،
كۆرەر ھەر زەمان ھەسرەت ئىلە ئەلەم.
يەنە ئاندا دۇنيا ئېرۇر بىسەبات،
بەقا يوق ئاڭا ئارىيەتدۇر ھەيات.
نەكىم تاپتى مەۋجۇدلىگدىن نىشان،
بولۇر فانىي غەيرەز خۇدايى جەھان.
نەكىم يىغدى مالۇ زەرۇ گەنجۇ سىيم،
زىرائاتۇ بوستانۇ باغۇ نەئىم.
كى خاتۇنلار قىزۇ خاھى ئوغۇل،
بىدەۋ ئاتلار ھەم چۆرىيۇ ئالدى قۇل.
قالىپ جۇملەسى سەن كېتىپ گۆر ئارا،
كىرىپ يۈز تۈمەن شەر ئىلە شور ئارا.
ئالار بارچە تەقسىم ئېتىپ مالىڭى،
دېمەسلەركى نە بولدى دەپ ھالىڭى.
سەن ئول ماللارغە بېرەرسەن جەۋاب،
ھەلالە ھېسابۇ ھەرامە ئەزاب.
تۇشەرسەن ئاخىر بول ھەمەدىن جۇدا،
قالارسەن ئاخىر بىر سەنۇ بىر خۇدا.
بەس ئەلبەتتە ئاخىرنى ياد ئەيلەگىل،
بۇلارغە كۆڭۈلنى ئەيان بەرمەگىل.
چۇ ئاخىر قالۇرسەن بارىدىن ئىراق،
بۇلارغە كۆڭۈل بەرمەگەن ياخشىراق.
چۇ ئاخىر خۇدا سارىغە بارەسەن،
گۇناھىڭ تىلەپ ئاندە يالبارەسەن.
بەس ئەت مۇندە ھالا ئاڭا بەندەلىق،
كى تا كۆرمەگىل ئاندە شەرمەندەلىق.
يەنە بىر نەسىھەتكى ئەي بەندەلەر،
تەفەككۇر ئېتىڭكىم قىيامەت بولەر.
بەغەيرى ئەمەل ئاندە سۇد ئەتمەگەي،
ئەمەلدىن بۆلەكنى ئۆگۈن بىتمەگەي.
بەس ئەيلەڭ تىرىكلىكدە چەندان ئەمەل،
كى تا بولماغايسىز خىجىل ئول مەھەل.
يەنە بىر نەسىھەت بۇدۇر: ھەر كىشى،
سىزە بىر يولى ياخشى ئىش قىلمىشى.
ئۇنۇت ئەيلەمەڭ ھەرگىز ئول ياخشىلىق،

ئىسكەنزىدە بولسۇن مۇدام ئول قىلىق.
يەنە بىر نەسىھەتكى: ئەي ئادەمىي،
يېدىلىك كۈندۈزۈ كېچە دۇنيا غەمى.
فەنا ئېلەدىلىك ئۆمر دۇنيا تىلەپ،
ھەممە ۋەقت يۇردۇلۇك بۇ ئۇنى تىلەپ.
قاچان ئاخىرەتنى تەلەپ ئېلەگۈلۈك،
قاچان ئۆزنى مەرزايى رەب ئېلەگۈلۈك.
خەتا يادۇ فانىينى ئەتمەك تەلەب،
سېنى ئۆزگە ئاشىق قىلىپ بۇ جەلەب.
ئۇ دۇنياكى باقى ئېرۇر جاۋىدان،
ئانىلىك فىكرىدە بولماسالىك كۆپ يامان.
يەنە بىر نەسىھەتكى: مەن نې ئۇچۇن،
بىلىلىك كۆزلەرىلىك ئۆزرە قىلدىم بۇ تۈن.
كى تا كەلسە نامەھرەمى ياپ كۆزۈلۈك،
خۇدانى ئەزابىغە قويمە ئۆزۈلۈك.
يەنە ئاغزىڭا لەبنى قىلدىم ئەيان،
ئانى چۇن سۆزىكىم ساڭا بار زىيان.
تەكەللۇم قىلار دەمدە ياپ ئىككى لەب،
خامۇشلىق قىلىپ پىشە تاپ لۇتفى رەب.
يەنە دېدى: ئەي ئادەمى، مەن ساڭا
مۇھەببەتكى، يوقتۇر نىھايەت ساڭا.
بەخىللىق قىلىپ قىلمە دۇشمەن مېنى،
بەخىل شۇمدۇر، دوست تۇتمام ئانى.
يەنە بىر نەسىھەت بۇدۇر: ھەر قايۇ،
دېدى لائىلاھە ئىللەللاھۇ.
مۇسۇلمان بۇلۇر، لېك بارماس بېھىشت،
ئوشۇل جايى ئالىي زەررىنە خىشت.
مەگەركىم ئاڭا قىلسە زەم پەنجە ئىش،
يەنە بىرىيا ئېلەسە بۇ قىلىش.
بىرى ئولكى، يادىدە بولسە مۇدام،
نە ھالەتدە بار قەئدەدۇر يا قىيام.
يەنە ھەر فەئالىيكى مەشرۇئ ئەمەس،
ئۆزىن ساقلاسە سىددىق دىل بىرلە بەس.
فەقىرلەرغە ئېلەپ مۇرۇۋۋەت بەسىي،
بېرىپ پۇل تەمەئ ئەتمەسە بىر خەسى.
يەنە رەھم قىلماق يەتىمغە كەسىر،
مۇسۇلمان ئۇدۇركىم يەتىم رەھمى يەر.
«خەزانە جەلالىي »دە باردۇر كىشى،
سىلار رەھم ئېلەپ يەتىمنى باشى.
بەمىقدار مۇيىكى قولى تېگەر،
خۇدايىم سەۋابى ھەجج ئاڭا بىتەر.
يەنە ھەركىمە باتەۋازىئ بولۇپ،
مۇسۇلمان ئىلىغە تەۋازىئ قىلۇپ.
يەنە ھەر كىشى بار غەرىبۇ ھەزىن،
ئۆزىنى جەۋارىغە قىلسۇن يەقىن.
ئالارغە قىلىپ لۇتف ھالىن سورۇپ،
بېرىپ مۇددىئاسىن مەلالىن سورۇپ.
يەنە بىر نەسىھەتكى: بار ھەر ئادەمى،
كۆرەر كۆڭلىدە بىسەبەب كۆپ غەمى.
ۋەيا كۆڭلى قاتتىغ بولۇپدۇر قارا،
ۋەيا تەڭلىق تۇشتى رىزقى ئارا.
ۋەيا بولدى مالىغە نۇقسان پەدىد،
ۋەيا تەنغە بىمار كەسلان پەدىد.
مۇقەررەر بۇدۇر ۋەجھى بىھۇدە سۆز،
دېگەندۇر كىشى تەۋبە ئايتماي ھەنۇز.
كى يەئنى دېمەك ھەشۇۋ لەغۋۇ كەلام،
بۇ مەجمۇئە بولغاي سەبەب ۋەسسەلام.
يەنە بىر نەسىھەت بۇدۇركىم: كىشى
كۆپۇ ھەرنەئىكىم خۇدا بەرمىشى.
ئانى بەرسە مۇھتاجلارغە رەۋان،

چىقارسە ئالار ھاجەتىن ھەر زەمان،
چۇ بار ئېھتىياجىڭ خۇداغە سېنى،
يەتۈرگەي خۇدا مۇددەئاغە سېنى.
خۇداۋەندە بىر كۈن دېدى: ئەي خەلىل،
مېنى مېھمانىمنى سەن ئەئزاز قىل.
مېنى مېھمانىمنى تۇتساڭ ئەزىز،
ئەزىز ئەيلەگۈم ئىككى دۇنيادە نىز.
دېدى ئىبراھىم: ئەي خۇدايى جەھان،
سېنى مېھمانىڭ كىم ئەتكىل بەيان.
دېدى ھەق: مېنى مېھمانىم ئۇدۇر:
فەقىرۇ ھەقىرلاركى ناگەھ كېلۇر.
يەنە بىر نەسىھەتكى بۇ: ھەر كىشى
رىزا بولسە ھەق ھەرنەكىم بەرمىشى.
خۇدا ھەرنەكىم بېرەدۇر كۆپۈ كەم،
بولۇر رىزا شۈكرىن دېسە دەمبەدەم.
ئۇ ھەم كۆپۈ ئاز ھەرنە قىلسە ئەمەل،
رىزا بۇلامەن دېدى ئەززۇ ۋە جەلل.
يەنە بىر نەسىھەتكى: ھەر بەندەلەر،
بەقەدرىكى دۇنياغە كۆڭۈل قويار.
چىقار كۆڭلىدىن ئول قەدەر ھەببە ھەق.
كىرەر ئانچە شەيتان قولىدىن سەبەق.
نەكىم ھەرىس ئېتەر دۇنياغە ئول قەدەر،
ھالاۋەتى ئىمانۇ تائەت كېتەر.
سېنى قىلمادى خەلق دۇنيا ئۈچۈن،
كى قىلساڭ تەلەب ئانى تۈن بىرلە كۈن.
ئىبادەت ئۈچۈن خەلق قىلدى سېنى،
قولىڭدىن بېرەر لەھزە قويمە ئانى.
سورار تاڭلا بىر - بىر ئەمەلدىن خۇدا،
نە دەرسەنن جەۋابىغە يەۋمۇل - جەزا.

## خەۋپ يەئنى تەرسكارلىقنى بەيانى

كەل، ئەي بەندە، بول دائىما خەۋفلىق،
خۇدا قورقۇشىدىن كۆڭۈل جەۋفلىق.
ھەمىشە بۇ بەش ئىشنى يادىڭگە ئال،
مۇنى فىكر ئېتىپ خەۋف كۆڭلۈڭگە سال.
بىرى ئولكى قىلدىڭ گۇنەھلەرنى بەس،
خۇدا ئەفۇ قىلغانى مەئلۇم ئەمەس.
يەنە ئولكى قىلساڭ ئىباداتىدىن،
خۇداغە قەبۇل ئولماغى يوق يەقىن.
يەنە ئاخىرى ھالىڭ ئېرمەس ئەيان،
كى دەۋزەخ ئېرۇر مەنزىلىڭ يا جىنان.
يەنە بار ئىشىڭدىن خۇدايىڭ رىزا،
ۋەيا نارىزادۇر ئەيازەن بەھا.
يەنە ۋەقتى ئاخىردە ئىمان قەرىن،
كېتەرسەنمۇ يا كۇفرى بىرلەن لەئىن.
بىتىگلىك ئېرۇر «شەرھى ئەۋراد» ئارا
دېدىلەر ھەبىبى خۇدا مۇستەفا.
كىشى دائىما ئاخىرى ئەمرىدىن،
يۇرۇمەسە كۆڭلى بولۇپ خەۋفگىن.
مېنى ئۇممەتىمدىن ئەمەس ئول كىشى،
بۆلەك قوۋملاردىن تورۇر ئول كىشى.
دېدىلەر ھەكىمى سۇلايمان ئاتا،
ئەگەرچە ئېرۇر خەۋف كۆڭلى ئارا.
ۋە لېكىن بەزاھىر ئەلاماتى ئول،
كى ئەمرىن قىلۇر جانۇ دىلدە قەبۇل.
نەكىم نەھيىدۇر قىلماغاي مۇتلەقا،
يەنە ھۆزن بىرلەن بولۇر دائىما.
كۆلۈپ ئويناماق خەۋفسىزلىقغە دال،

بولۇر خەۋفلىك ھۆزن ئىلە ماھۇ سال.
ئېرۇر سۇرەئى «لەمىيەكۇن »دە ئەيان،
سەرىھدۇر بۇ سۆزكىم خۇدايى جەھان.
ئۆزىنى رىزا بولماغى بەندەدىن،
يەنە تاڭلا جەننەت ئارا كىرمەگىن.
مەنۇت ئېلەدى خەۋف خەشيەتغە ھەق،
قويۇپ ئادەتۇللاھ مۇنداق نەسەق.
رەسۇل ئايدىلار: ئاقىبەت خەۋفىدىن،
كىشى تۆكسە كۆزىن ياشىن خەۋفىدىن.
كىرەر تاڭلا جەننەتغە خەندان بولۇپ،
بۇيان يىغلاغان مەرد ئول يان كۈلۈپ.

## سەبەبى شەرىف بولماقنى بەيانى

فەقىھ ئەبۇل ـ لەيىسى قۇتبى زەمان،
دېدى «تەنبىھ » ئاتلىغ كىتابدە ئەيان.
كى ھەركىم بۇ يەتتى كەلام ھىفز ئېتەر،
مەقامى شەرىفلىكغە مۇتلەق يېتەر.
شەرىف دېگەي ئانى خۇدايى خەبەر،
شەرىف دەر مەلائىكلەرۇ كۆكۇ يەر.
گۇناھى ئەگەرچەند كۆپ قەترەدىن،
خۇدا مەغفىرەت ئېلەگەي بارچەدىن.
ئىباداتدىن ھەم ھەلاۋەت تاپار،
ھەياتى ـ مەماتى ھەمە خەير ئۇلار.
نوخۇست ئۇلكى ھەرنەرسەكىم باشلاسا،
بە «بىسمىللاھ » ئەتسە ئانى ئىبتىدا.
يەنە ئاخىرى ھەرنە ئىش ھەمد دەپ،
يەنە ناگەھان بىر گۇناھى قىلىپ.
ۋەيا ئاغزىغە ئۆتسە يالغانۇ لەغۋ،
ۋەيا غەيبەتۇ شەتمۇ بۇھتانۇ ھەشۋ.
دېسە ئاڭا ئەستەغفىرۇللاھ ئەزىم،
ھەمىشە بۇ ھالەتدە بولسە مۇقىم.
يەنە ھەرنە ئىشكىم قىلارمەن دېسە،
ئاڭا ئىنشائاللا مەئە ئېلەسە.
يەنە ھەرنە ناخۇشكى ئاڭا يېتەر،
ھۇدۇساتى ئەيىامدىنكىم تېگەر.
دېسە ئاڭا لاھەۋلىنى تا ئەزىم،
ئېتىپ سەبر بۇ سۆزدە بولسە مۇقىم.
يەنە تەگسە ناگەھ مۇسىبەت ئاڭا،
ئۆزى نەفسى يا ئۆزۋى يا مالىگە.
دېسە: ئىننەلىللاھ ۋە ئىننا ئىلەيھ،
ھەمە راجىئۇنىم كەللا لەدەيھ.
يەنە كېچە ـ كۈندۈزۇ شامۇ سەھەر،
ھەمە ۋەقت تەھلىل تەكرار ئېتەر.
بۇ مەجمۇئ ۋىرد ئەتسە ئۆزگە كىشى،
شەرافەت تاپىپ كۆپ شەرىف بولمىشى.

## مۇئمىنلارغە شەفقەتۇ مەرھەمەت قىلماقنى بەياندۇر

«خەزانە »، «رەۋايات » ئارا بار ئەيان،
كى شەفقەتنى بابىدە قىلدى بەيان.
دېدى شەرتى ئىسلام شەفقەت ئېرۇر،
مۇسۇلمان ئېلىگە مۇرۇۋۋەت ئېرۇر.
ئەگەر تەگسە بىر مۇئمىنىغە غەمى،
كېرەككىم غەمىن بولسەلەر ئالەمى.
ھەمە مۇئمىن ئەل گويىيا بىر بەدەن،
بىرى دەردىدىن جۇملە بار دەرد ئولەن.

## بىر نەچە ئىشلار باردۇركىم، ئادەمىنى بەئىززەت ۋە بائابرۇ ئېتەر

نەچە نەرسە ئادەم بەئىززەت ئېتەر،
بىرىپ ئابرۇ غەرقى ھۆرمەت ئېتەر.
كىشى كېچەلەر ئەتسە تائەتنى كۆپ،
سەھەر ۋەقتى بىيدار بولسە تۇرۇپ.

يەنە خەير ئىشلارغە جەھد ئەيلەمەك،
يەنە دائىم «ئەستەغفىرۇللاھ» دېمەك.
يەنە ياخشىلار سۆھبەتىنى تاپىپ،
ھەممىشە يۈرۈمەك ياماندىن قاچىپ.
يەنە ھەر كۆڭۈللەرنى شاد ئەيلەسە،
يەنە غەيردىن سىررىنى ساقلاسە.
بۇ ئەۋسافلار جەمئ ئېتەر ھەر كىشى،
تەرەققى ئېتەر ئىززۇ دەۋلەت ئىشى.
تاپار ئىززەتۇ ھۆرمەتى بىھىساب،
بىتىپدۇر بۇ سۆز «نەفسى لەببى لۇباب».

## تەن سىھھەت بولۇپ يۈرمەك ئەسبابلارىنى بەياندەدۇر

نەچە نەرسەدۇر ئافىيەتغە سەبەب،
بىرى ئۇلكى قىلسە ئىبادەت بەشەب.
سۆخەن كەم قىلىپ ئۇيقۇ كەم ئۇخلاماق،
جىماغ ھەم كەم ئەيلەپ تەئام كەم يېماق.
ساۋۇق سۇغە ھەم ئەيلاماقدۇر ۋۇزۇ،
يەنە قىلسە ھەممام بارماقغە خۇ.
ئۆزى بىرلە تۇتماق كۈمۈش يا تىلا،
يەنە خۇش بۇلار ئۆزى بىلە.
فەقىھى ئەبۇللەيسى قۇتبى جەھان،
بۇ سۆزلەرنى «بوستان»دە ئەتتى بەيان.

## روزى ۋە رىزق زىيادە بولۇپ ۋۇسئەت ھاسىل بولماقنى بەياندەدۇر

ساڭا رىزق ئەسبابىن ئەيلەي بەيان،
نەچەدۇر كىتابلاردە بولدى ئەيان.
نەمازنى ئوقۇر ھەر كىشى باخوزۇئ،
ئادا ئەيلەگەي رۇكنلەر باخوشۇئ.
بولۇر رىزقى كۆپ مالى بولغاي كەسىر،
كېلەر دەۋلەت ئەلبەتتە، بولماس فەقىر.
يەنە خەير ئەتمەككە ئادەت ئېتەر،
بەمىقدار ھالى سەخاۋەت ئېتەر.
يەنە ھەر كىمىيگە باخۇيى خۇش،
كەلامى خۇشۇ ھەر كىمە رۇيى خۇش.
يەنە بولسە بىدار ۋەقتى سۇبۇھ،
بولۇر رىزقى كۆپ ھەم تاپار فەيزى رۇھ.
يەنە ھەر كىشى تەركىسىز ھەر كېچە،
ئوقۇر بىر يولى «سۇرەئى ۋاقىئە».
يەنە ھەر كېچە بۇ ئىكى سۇرەنى،
قىرائەت قىلۇر تەركى قىلماي ئانى.
كى يەئنى «تەبارەك»ۇ «يا سىن» ئېرۇر،
خۇدا رىزق ئاڭا بىنىھايەت بېرۇر.
قۇتۇلغاي يەنە قەبرى تەئزىبىدىن،
قىيامەتدە كۆپ نەفئ ئېتەر بالىقىن.
ئەزاندىن بۇرۇن بارسە مەسجىدغە ھەم،
بۇلار رىزقى ئەفزۇن فەقىرلىق ئەدەم.
يەنە بار «سەلات مەسئۇد» ئىچرە قايۇ،
ئەزاندىن بۇرۇن كىرسە مەسجىد ھەمۇ.
تاپار ئۇچ لەك ئەتگەن نەماز ئەجرىنى،
بەزىنھار قولدىن يېتۈرمەڭ ئانى.
ئەزان ۋەقتى گەر كەلسە ھەركىم بىلىڭ،
كى گۇيا نەماز ئەتتى يىگىرمە مىڭ.
ئىقامەت دەمى كەلسە مەسجىدغە كەس،
تاپار بىر نەمازنىڭ سەۋابىنى بەس.
يەنە دائىما باۋۇزۇ بولماغى،
يەنە چىركىدىن بولسە پاكۇ تەقى.
دېدى «شەرئە شەرھىي»دە ھەر مۇسلىمى،
ۋۇزۇ بىرلە خاب ئەيلەسە دائىمى.

خۇدا يەتتى خىسلەتنى ئاڭا بېرەر،
بىرى ئۇلكى ئۆلمەگى ئاسان بۇلار.
يەنە ھەق ئەماندە ساقلار دەۋام،
بىتىلگەن سەۋابنامەسىغە مۇدام.
مەلائىك ئېتەر سۇھبەتىن ئاززۇ،
يەنە زىكر ئېتەر ئۇزۋى ئۇزۋى ۋۇزۇ.
يەنە جاننى بەرمەكى ئاسان بولار،
يەنە تەكبىرى تەھرىمەنى تاپار.
يەنە كۆپ ئېتەر رىزق پاك ئەيلەمەق،
دەرۇ بام ھەم كاسەۋۇ ھەم تەبەق.
دېدىلەر ئەلى مۇرتەزا بام دەر،
ئۆيىن يەرۇ سەقفىن سۇپۇرسە ئەگەر.
يەنە زەرفلەرنى يۇۋۇپ پاك ئېتىپ،
يەنە زەرفلەر ئاغزىنى بەركىتىپ.
كېلەر ئول كىشىنى باشىغە غەنا،
بولۇر فەقر ئەلبەتتە ئاندىن جۇدا.
ئوقۇپ سۇننەتى بامداد ئۆيىدە،
قىلۇر فەرزىنى مەسجىد ئىچرە ئەدا.
يەنە ۋىترى ۋاجىب ئۆيىدە ئوقۇر،
خۇدا رىزقى ئىشكىنى ئاڭا ئاچۇر.
«خەزانە جەلالىي »دە بار بۇ كەلام،
كىشى تۆرت خىسلەتدە بولسە مۇدام.
فەقىرلىك يۇزىن كۆرمەگەي ھېچگاھ،
غەنى ئەتكەي ئانى رەسۇلى ئىلاھ.
بىرى ئۇلكى ۋەقت نەمازدىن بۇرۇن،
تەھارەت ئېتىپ تۇرسە تائەت ئۇچۇن.
يەنە بارسە مەسجىدغە قەبل ئەز ئەزان،
يەنە سۇبھ بىيدار بولسە ھەمان.
يەنە ۋىترى ۋاجىب ئوقۇغان كېيىن،
دېمەسە سۆزى مۇتلەقا دۇنيادىن.

## رىزقنى مەنئ قىلادۇرغان نېمەرسەلەرنى بەياندەدۇر

ئەگەر خاھلاسە ھەزرەتى زۇلجەلال،
دەيىن رىزق مانىئلارىن بىمەلال.
كىشى سۇبھى ۋەقتى گەر ئۇيقۇ ئېتەر،
بولۇر رىزقسىز ئابرۇيى كېتەر.
يالاڭاچ ياتار يا جۇنۇپ يەر تەئام،
تەئام مەيدەسىن خار تۇتسە مۇدام.
خۇسۇسەنكى نان مەيدەسىن تۇتسە خار،
كېتىپ رىزق ئاڭا قالماغاي ئېئتىبار.
پىياز سوم ھەم پۇستىن كۆيدۇرۇر،
بولۇپ رىزق كەم فەقىرلەر كەلتۇرۇر.
يەنە خانە روبە قۇيار ئۆي ئارا،
قارىلارنى ئالدىدا يۇرمەك يانا.

## ھىكايەت

ئەبۇبەكر سىددىقغە بىر يولى،
كېلىپ بىر كىشى دېدىكىم: ئەي ۋەلي؛
نەچە كۇن بولۇپدۇركى ھالىم تەباھ،
فەلاكەت باسىپدۇر كېتىپ ئىززۇ جاھ.
دېدىلەر مەگەركىم قارى ئالدىدە،
يۇرۇپسەن يول ئانى قويۇپ ئارقەدە.
يەنە ئاتە ـ ئانەنى ئاتىن دېماق،
يەنە ھەر يىغاچ بىرلە تىش كاۋلاماق.
يەنە ئەقدەسى بار قەلەم بىرلە خەت
ئەگەر بىتسە، بولغاي فەقىرۇ سۇقەت.
بەدەررەفت ئىچرە ۋۇزۇ ئەيلەسە،
يەنە بىھۇدە سۆزغە خۇيلاسە.

ئىشىك بىر ياغىغە قىلىپ ئىتتىكا،
ئوتتۇرسە قالادۇر فەقىرلىق ئارا.
يەنە ئاستانىدە ئوتتۇرماق يامان،
غىنا يوق بولۇر كەلگۈسى غەم ھەمان.
يەنە ئەرتەراق بارسە بازار سارى،
يەنە خو ئېتەر كەچراق قايتارى.
قولىن يۇسە لاي بىرلە ياكىم كېسەك،
يۇزىن ئارتسە يېڭى بىرلەن ئېتەك.
بەدەن چىركىنى يۇماسە تېز - تېز،
لىباس يىرتىغىن تەن ئۇزە تىكسەڭىز.
يەنە تارتاڭنى ئۇيىن بۇزماغىن،
ئۆي ئىچرە قۇيار فەقىر بولغاي قەرىن.
سەيسخانەدە يا ئاغىلدە ئۆيى،
كۆپ ئېرسە سەمىرمەس بەقەر، ئات، قويى.
نەماز ئوقۇماققە بۇسە سۇستكۇش،
يەنە بىھۇدە سۆزدىن ئولماس خەمۇش.
يەنە كىمكى مەسجىددىن ئول چىقسە زۇد،
فەلاكەت بىلەن فەقىر بولغۇسى بۇد.
تاراغى شىكەستە بىلەن ھەر قايۇ،
تاراسە ساچىن يا ساقالىن ھەمۇ.
ۋەيا بۇخل ئەتسە سەخانى قويۇپ،
تۇتۇپ ئەمرى شەيتان خۇدانى قويۇپ.
ۋەيا تۇتسە ئىفاقنى تەڭ كۆپ،
ئەيالىيۇ ئەھلى كۇنى تەڭ ئولۇپ.
يەنە قىلماق ئىسراف ھەم كۆپ يامان،
خۇدا دېدى: شەيتان مۇسرىف ھامان.
يەنە ئەتمەسە ئاتە - ئانەنى ياد،
دۇئا بىرلە رۇھىنى تۇتماسە شاد.
چىراغى پۇف ئەيلەپ ئۆچۈرماق قەبىھ،
كېلۇر باشىغە فەقرۇ فاقى سەرىھ.
يەنە سۆزلەماك كىزبۇ يالغان كەلام،
ئۆلۈگ ئالدىدە ھەم يېماقدۇر تەئام.
يەنە ئەتسە فەرزەندىنى بەددۇئا،
بولۇر كۆپ فەقىرۇ دەنىي بىنەۋا.
يەنە ئەتسە كەم ھۆرمەتى ئۇستاز،
بەجان ئەتمەسە، خىزمەتى ئۇستاز.
ئاتە - ئانەنى ئېھتىرامى بەلىغ،
ئەگەر ئەتمەسە رىزقى كەتكەي، دەرىغ.
ئۆزىدىن ئۇلۇغلارنى قىلماس ئەزىز،
كىچىكلەرنى تەھقىر ھەم ئەتسە نىز.
خۇسۇسەن خۇدا جۇ، خۇدا تەرسلەر
ئالارنى مۇبادا كىشى خار ئېتەر.
بىتەھسىس ۋارىس پەيەمبەرلەرە،
كى يەئنى ئېرۇر ئىلىم ئەھلى سەرە.
ئالارنى كىشى قىلسە تەھقىر ئەگەر،
بولۇپ بىنەۋا ئابرۇيى كېتەر.
غەنىيلەرنى تەئزىم ئەگەر مال ئۈچۈن
كىشى قىلسە، بولغاي گەداۋۇ زەبۇن.
دېدىلەر پەيەمبەر: كىشى ئەغنىيا،
قىلۇر ئىززەتىن مال ئۈچۈن بارھا؛
كېتەر دۇنيىدىن ئىكى داڭ بىگۇمان،
بۇ سۆز «تەرغىب» ئاتلىغ كىتابدە ئەيان.
ۋەياكىم گەدادىن ساتىپ ئالسە نان،
ئاچۇق قويسە زەرف ئاغزىنى ھەم يەمان.
قەلەم تەراشەسى خار ئەيلامەق،
يەنە يۇمايىن قويسە دەكۇ تەبەق.
يەنە قويسە ئاۋۇند ئاغزى ئاچۇق،
فەقىرلىق ئاڭا يۈز قۇيار چوق - چوق.
يەنە كەفش ئاستىغە قىلسە نەزەر،
گەر ئاۋۇند چەرەسىدە سۇ ئىچەر.
يەنە خام يېسە سوم بىرلەن پىياز،
ئېتەر بىنەۋا خالىقى بىنىياز.
يەنە بەيزە سوم پىياز پوستى ھەم،
كىشى خار تۇتسە بولار غەرقى غەم.

مۇسۇلمانلارە قىلماسە ھەم سەلام،
بۇرۇن قاقسە ئۇلۇغ قول بىلەن ۋەسسەلام.
قازان ئىچرە ھەم تۇئمە يەيدۇر كىشى،
يەنە بىھۇدە سۆزلەمەكدۇر ئىشى.
يەنە تۇئمەنى ئامە يول ئۇزرە يەر،
گۇناھ ھەم قىلىپ باسۆزى كىزب دەر.
گۇنەھ ھەرنەدۇر كۆڭۈل ئەتكەي سىياھ،
قىلۇر ئاقىبەت دىنى ئايىن تەباھ.
يەنە تىرناغىن تىش بىلەن ئالماغى،
يەنە چەب تەرەفدىن لىباس كىيماغى.
يەنە يەشماغى ئۇلۇغ تەرەفدىن كىيىم،
يەنە ھەركىم ئازار بەرسە يەتىم.
ۋەيا ئولتۇرۇپ باغلاسە سەللەسىن،
ۋەيا تىك تۇرۇپ كىيسە پايجامەسىن.
باشى ئاستىغە سەللە بىرلەن ئازار،
ياتاردە قويۇپ ياتماسۇن زىنھار.
يەنە ئۆتسە قويلارنى ئورتاسىدىن
بولۇر رىزقى كەم بىنەۋاۋۇ غەمىن.
قاراماق ئېرۇر جانىبى غەدرە ھەم،
يەنە ئۇخلاماغلىق ئېرۇر سۇبھەدەم.
يەنە ھەركىشىكىم زىناكاردۇر،
خۇدا لەئنەتىغە گىرىفتاردۇر.
يەنە ئۆتكەرۇر بىر - بىرىدىن لەلەك،
قاشاغلىقغە بائىس دۇ بىرەيبۇ شەك.
پۇلۇ مال بەرمەق سەفىھلەرغە ھەم،
يەنە فىسق ئەھلىغە قىلماق كەرەم.
ئاياغنى ئاياغ ئۇستىغە قويماغى،
خەلاجە ئوتۇرغانىدە سۆز قىلماغى.
ئاياغىنى ئۇلۇغ قول بىلەن ھەم يۇماق،
ساقال ياكى ئالەت بىلەن ئويناماق.
يەنە تارە مويى ساقالدىن تۇشەر،
ئەگەر تىش بىلەن ئانى ناگەھ ئۇزەر.
كېتەر رىزق، لېكىن ئېرۇر مۇستەھەب،
كى قول بىرلە ئۇزسە ئېرۇر بۇل ئەھەب.
يەنە غەربىل ئىچرە ئوتۇرسە كىشى،
ۋەيا غەربىل ئىچرە تەئام يېمىشى.
يەنە سىللى ئورسە يۇزىگە ئۆزىن،
جەفا ئەيلەمەقدۇر ئۆزىگە ئۆزىن.
ئەگەر رۇبەرۇ شەمسغە يا قەمەر،
ئاچار ئەۋرەتىن كۆپ فەلاكەت كۆرەر.
يەنە ئۇخلاسە بامدادنى ئوقۇپ،
ۋەيا قول مىنەنى تىگىگە قويۇپ.
يەنە قىلسە ھەمسايەسىغە سىتەم،
كىشى شانەسى بىرلە مەشت ئەتسە ھەم.
يەنە ھەر دەرەختىكى بار مىۋەدار،
تىگىدە قىلۇر بەۋل رىزقى كېتەر.
يەنە ئىكى خاتۇننى ئورتاسىدىن
ئۆتەر بولسا بولغاي فەلاكەت قېرىن.
تىۋەنى قاتارىدىن ئۆتسە ئەگەر،
لىباسنى تەسكەرى كىيسە ئەگەر.
يەنە ئالسە مىقراز ئىلە زىرناق،
ۋەيا ئۇلۇغ قولە ئالسە تەفكىنى ساق.
يەنە تەف ئەگەر ئەتسە جايى ۋۇزۇ،
تەمۇر بىرلە كولار تىشىنى قايۇ.
يول ئۇستىغە يا بەۋلى غايەت ئېتەر،
ۋەيا زەرئ ئەسبابىن ئۆيدە قويار.
بۇ مەجمۇئ ئەسباب قەششاقلىق،
غەمۇ دەردۇ فەقرۇ ناچاقلىق.
تەرەددۇد قىلىپ مۇئتەبەر نۇسخەلەر،
بىتىدىمكى شايەد دۇئايى قىلار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)




نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇقەييۇم سايىم**

شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەكىم ئاتانىڭ مۇبارەك ئىسىمشەرىپى خاجە سۇلايمان ئىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا، مەكتەپكە بارغاندا بارچە بالىلار قۇرئان كەرىمنى قوللىرىدا تۇتۇپ باراتتى، ئەمما، ھەكىم ئاتا بېشىدا كۆتۈرۈپ باراتتى. ئۇ مەھەللىدە ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمى سۇلايمان دەپ ئاتىلاتتى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى خاجە ئەخمەت يەسسەۋىي مەسچىت ئىشىكىدە ئولتۇرۇپ، بىرمۇنچە بالىلارنىڭ مەكتەپكە ماڭغانلىقىنى كۆردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر بالا قۇرئان كەرىمنى بېشىغا قويۇپ كېتىۋاتاتتى. خاجە ئەخمەت يەسسەۋىي — ئاللا ئۇ كىشىگە رەھمەت ئاتا قىلسۇن — «ئەي، سۇلايمان بېرىپ موللىڭىزدىن ئىجازەت سوراڭ، ئەگەر ئىجازەت بەرسە، بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىڭ، بىز سىزگە قۇرئاندىن تەلىم بېرەيلى» دېدى. ھەكىم ئاتا بۇ سۆزنى 〔1〕 ئىشىتىپ، مەكتەپتە ئۇستازلىرىنىڭ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن تۇرۇپ ئىجازەت سورىدى. ئۇستازلىرى رۇخسەت قىلدى. ئاتا ـ ئانىسى سۇلايماننى خاجە ئەخمەت يەسسەۋىيگە تاپشۇرۇپ بەردى. سۇلايمان خاجە ئەخمەت يەسسەۋىيدىن قۇرئان ئۆگەندى ۋە بارلىق ئىلىمنى ئىگىلىدى.

سۇلايمان ئون بەش ياشقا كىرگەندە، بىركۈنى خىزىر ئەلەيھىسسالام جاجە ئەخمەت يەسسەۋىينىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى. خاجە ئەخمەت يەسسەۋىي مەكتەپتىكى بالىلارنى ئوتۇن ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. مەكتەپ بالىلىرى ئوتۇن ئەكىلىشكە باردى. ئوتۇن تېرىشكە باشلىغاندا ھاۋا بۇزۇلۇپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. سۇلايمان كىيىمىنى سېلىپ، ئوتۇننى يۆگەپ ئۆزى يالىڭاچ بولۇپ ئوتۇننى يۇدۇپ ئەكەلدى. بۇلار ئوتۇننى ئوتقا سالغاندا سۇلايماننىڭ ئوتۇنى 〔2〕 تۇتۇرۇق بولۇپ كۆيۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ سىرى نېمىدۇر دەپ سورالغاندا، خاجە سۇلايمان: «يامغۇر ياغقاندا كىيىمىمنى سېلىپ يۆگەپ ئەكەلدىم. شۇڭا، مېنىڭ ئوتۇنۇم قۇرۇقتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام سۇلايماننىڭ جاۋابىغا ئاپىرىن ئوقۇدى ھەمدە «ھەكىملەردەك ئىش قىپتۇ، بۇنىڭ ئېتى ھەكىم سۇلايمان بولسۇن» دېدى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام نەپەسلىرىنى ھۇردى. خاجە ئەخمەت يەسسەۋىي خۇشال بولدى، خىزىر ئەلەيھىسسالام: «بۇ سۇلايمانغا قۇتلۇق ئات بولسۇن» دەپ دۇئا قىلدى. خاجە ئەخمەت يەسسەۋىيمۇ دۇئا قىلدى، يەنە خاجە ئەخمەت يەسسەۋىي دۇئا قىلىپ مۇبارەك نەپەسلىرى بىلەن سۇلايماننىڭ ئېتىنى قۇتلۇقلاپ: «مۇبارەك بولغاي» دېدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام: «ھەكىم سۇلايمان، ئاغزىڭنى ئاچقىن» دېدى.

ھەكىم سۇلايمان ئاغزىنى ئاچتى، خىزىر ئەلەيھىسسالام ﴿3﴾ ئۇنىڭ ئاغزىغا تۈكۈردى. ھەكىم ئاتا شۇ ھالەتتە تىنىقىنى ئىچىگە تارتتى، تىنىقى سىغمىدى. خىزىر ئاتا: «نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، سىرىڭنى ئېيتقىن» دەپ رۇخسەت بەردى. ھەكىم ئاتا ئېغىز ئېچىپ ئۆز سىرلىرىنى بايان قىلدى.

ئۇ خاجە ئەخمەت يەسسەۋىينىڭ رەھمەت نەزەرىگە ئېرىشىپ، خىزىر ئاتىنىڭ نەزەرىگە مۇشەررەپ بولدى. جاجە ئەخمەت يەسسەۋىينىڭ توقسان توققۇز مىڭ نەپەر يېتۈك مۇرىتى بار ئىدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە قۇربان ئېيىدا، توقسان توققۇز مىڭ ماشايىخ ھازىر بولدى. زىكرى سەنا سورۇنى تۈزۈلدى. ناماز ۋاقتى بولدى. ھەممەيلەنگە ئىمامەتچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، ھېچكىم قوبۇل قىلمىدى. ھەزرىتى سۇلتان (خاجە ئەخمەت يەسسەۋىي) ھەكىم ئاتانى ئىمامىلىققا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى، بۇ ماشايىخلاردىن قايسىسىنىڭ ﴿4﴾ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئىدى. ئۇ قوۋىنىڭ تۇيىقىنى بىلىگە باغلاپ ئىماملىق قىلدى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا مۇھەممەد سوپى دانىشمەن بار ئىدى. سول يېنىدا ھەكىم سۇلايمان بار ئىدى. خاجە ئەخمەت يەسسەۋى قىرائەت قىلىپ، روكۇئ سەجدىگە باردى. تۇياقتىن ئاۋاز چىققاندى. ھەممە ئادەم ھەكىم ئاتىنىڭ تاھارىتى سۇندى دەپ گۇمان قىلىپ نامازلىرىنى بۇزدى. ھەكىم سۇلايمان بۇزمىدى. مۇھەممەد سوپى دانىشمەن بىر ئاياغنى خانىقادىن چىقاردى، كۆردىكى ھەكىم ئاتا نامازدا تۇرۇپتۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئۈچ ئەزىز بىلەن نامازنى ئۆتىدى. ئادا قىلىپ سالام بەردى. خاجە ئەخمەت يەسسەۋىي ئارقىسىنى مېھرابقا قىلىپ سورىدى: « سىلەر نېمىشقا نامىزىڭلارنى ﴿5﴾ بۇزدۇڭلار، مېنىڭ تاھارىتىم كامىل ئىدى. سىزلەرنى سىناش ئۈچۈن تۇياق باغلاپ كىرگەنىدىم، بۇنى كۆرۈڭلار دەپ كۆرسەتتى. (خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي) ئېيتتىكى: «تېخى ماڭا بىر يېرىم مۇرىت ھاسىل بولۇپتۇ، بىرى ھەكىم سۇلايمان ئاتا، يېرىمى سوپى مۇھەممەد دانىشمەن».

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سۇلتان خاجە ئەخمەت يەسسەۋىي جەمجەتلىقنى خالاپ قالدى. سەل تىنچلانغاندىن كېيىن، جامائەت بۆلەك - بۆلەك بۆلۈنۈپ، ھەر كىم ئۆز جامائەتلىرى بىلەن مېھماندارچىلىق قىلىشتى. ھەكىم ئاتا يالغۇز مېھماندارچىلىق قىلدى. ھېچكىمنى يىغمىدى. ھەزرىتى سۇلتان سەھەر ۋاقتىدا خانىقاغا كېلىپ، بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى، كىرىپ قارىسا ھەكىم ئاتا ئەتىگەن كېلىپتۇر. ھەزرىتى سۇلتان مۇبارەك بويۇنلىرىنى سوزۇپ كىردى، ئاندىن ئۇ يەردە زىكىر باشلىدى. ئۇ يەردە ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئىش قىلمىدى، بارلىق جامائەت ئۆز - ئۆزىنى ﴿6﴾ مېھمان قىلىشتى. (ھەزرىتى سۇلتان خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي) مۇنداق دەپ نىدا قىلدى: « سېنى خۇدايىتائالا ئۆزىگە مېھمان قىلدى، بارلىق نېمەتنى خۇدايىتائالا ساڭا نېسىۋە قىلسۇن. ئەمما، بۇ ئەھۋالنى نادان بىلمەس، كۆڭۈل ئىگىسى كۆڭۈل كۆزىنى ئاچمىغۇچە ئەرەنلەرنىڭ نەزەرىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئاشىقلار خۇدانىڭ نەزەرىگە ئېرىشمىگۈچە، خۇشاللىق تاپالمايدۇ. » خاجە ئەخمەت يەسسەۋىي ھەكىم ئاتىغا بىر ئاق تۆگە بەردى ۋە مۇبارەك لەۋزىدىن نىدا قىلىپ: «ئەمدى سېنىڭ ئىشىڭ تامام بولدى. بۇ تۆگىنى مىنىپ، بېشىنى قويۇپ بەرگىن. تۆگە قەيەردە چۆكسە سېنىڭ مەنزىل ماكانىڭ شۇ بولىدۇ. ساڭا خۇدايىتائالا ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، تا قىيامەتكىچە چىرىغىڭ ئۆچمەيدۇ» دېدى.

﴿7﴾ ھەكىم ئاتا تۆگىگە مىندى، شۇ مىنگەنچە تۆگىنىڭ بېشىنى قويۇپ بەردى. ئۇ تۆگە تۈركىستاننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە راۋان بولدى. باردىغان مەنزىل - مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىتەۋارە ئازدۇرغان دېگەن يەرگە كەلدى - دە، تۆگە دەريا تەرىپىگە قاراپ باقىردى (ۋارقىرىدى). ھەكىم ئاتا بۇ يەرگە «باقىرغان» دەپ ئات قويدى. شۇ ۋاقىتتىن تاكى ھازىرغىچە ئۇ يەر باقىرغان دەپ ئاتىلىپ

كېلىۋاتىدۇ. تۆگە ئۇيەردىن ئۆتۈپ ھېسار دېگەن يەرگە بېرىپ چۆكتى. شۇنچە چارە ـ ئاماللارنى قىلىپ ھەيدىگەن بولسىمۇ، تۆگە قوپقىلى ئۇنىمىدى. ھەكىم ئاتا شۇنىڭدىن كېيىن ھېساردا تۆگىدىن چۈشۈپ، ھىسارنىڭ ئەتراپىنى سەيلە ـ تاماشا قىلىپ كۆردى، ئۇ يەردە بىرنەچچە ئاتلار ئوتلاپ يۈرگەنىكەن. ئۇ يەر بۇغراخاننىڭ يىلقىلىرى ئوتلايدىغان يەر ئىدى. تۇيۇقسىز بەش كىشى كېلىپ: «سەن كىمسەن؟ بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟» دەپ ھەيۋە قىلدى. ھەكىم ئاتا: «مەن بىر دەرۋىش، بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىش ئويۇم بار» دېدى. يىلقىچىلار: «بۇ يەر بۇغراخاننىڭ 〔8〕 يىلقىلىرى ئوتلايدىغان يەر، بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىشىڭغا يول قويمايمىز» دەپ ئۇقرۇقلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ ھەكىم ئاتىغا تەڭلىدى. ھەكىم ئاتا يىلقىچىلارغا: «مەن مۇساپىر ماڭا ئازار بەرمەڭلار» دېدى. ئۇلار ئۇنىماي ، قولى ئىتتىكلىك قىلدى. ھەكىم ئاتا غەيرەتكە كېلىپ دەرەخلەرگە: « تۇتۇڭلار، بۇ بىئەدەپلەرنى» دەپ ئەمر قىلدى. دەرەخلەر يىلقىچىلارنى بېسىۋالدى. ئىككىسى قېچىپ بېرىپ، بولغان ئىشلارنى بۇغراخانغا ئېيتتى. بۇغراخان: «ئۈچ كۈن ئىلگىرى بۇ ۋەقەنى چۈشۈمدە كۆرگەنىدىم»دېدى. ئاندىن ئابدۇللا 〔9〕 ئىسىملىك كىشىنى چاقىرتىپ: «سەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇ دەرۋىشنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى، كىمنىڭ مۇرىتى ئىكەنلىكى، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغىن» دېدى. ئابدۇللا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ھەكىم ئاتىدىن: «بۇ يىلقىچىنى نېمىشقا باستىڭىز» دەپ سورىدى. ھەكىم ئاتا: «دەرەختىن سورىغىن» دېدى. ئابدۇللا دەرەختىن سورىدى. ئۇ دەرەختىن: «ھەركىم خۇدانىڭ دوستلىرىغا بىئەدەپلىك قىلسا جازاسى شۇدۇر» دەپ ئاۋاز كەلدى. ئابدۇللا بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، يېنىپ بېرىپ بۇغراخانغا بولغان ئەھۋالنى ئېيتتى. بۇغراخان ۋەزىرلىرى بىلەن كېلىپ، ھەكىم ئاتىغا خىزمەت قىلدى. ئىككى ـ ئۈچ كۈن خىزمىتىدە بولۇپ، بۇ زاتتىن نۇرغۇن كەشىپ ـ كارامەتلەرنى كۆرۈپ، ئەقىدە ـ ئىخلاس بىلەن بۇ ئەزىزگە ئات، كالا، قوي، تۆگىلەرنى پادىچىسى بىلەن قوشۇپ نەزىر قىلدى. ۋە يەنە (بۇغراخاننىڭ) ئەنبەرخانىم 〔10〕 ئاتلىق بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ تولىمۇ سايىپجامال قىز ئىدى. ئۇ قىزنىمۇ ھەكىم ئاتىغا ئىنئام قىلدى. بۇغراخان بارلىق بەگلىرى بىلەن چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى مۇرىت بولدى. ھەكىم ئاتىنىڭ شانى ـ شۆھرىتى تېخىمۇ ئاشتى ۋە شۇ يەردە ئورۇنلىشىپ قالدى.

نەقىل قىلىنىشىچە، (ھەكىم ئاتا) ئەنبەرخانىمدىن ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. چوڭىنىڭ ئىسمى مەخمۇت خاجە، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ئەسغەرخاجە، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى ھەبىب خاجە ئىدى. شەيخ جارۇللا ئالىم ۋە دانىشمەن كىشى بولۇپ، «كەشپول ئەسرار »(سىرلارنى ئېچىش ) ناملىق كىتابنى تەسنىپ قىلغاندۇر. مەخمۇت خاجە، ئەسغەر خاجە شەيخ جارۇللادا ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خاجەلەر شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ كەتتى. كىشىلەر ئەجەبلىنىپ، بۇنداق شەيخلەر ئىسلام گۇمبىزى ئىچىدە شاراب ئىچىۋاتىدۇ دەپ ھەكىم ئاتىغا ئېيتتى. ھەكىم ئاتا بۇلارغا 〔11〕 «بىر كىشىنى ئەۋەتەيلى، خاجەلەرنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كەلسۇن» دېدى. ئۇلار ئەندىشە قىلىپ بارمىدى. ھەكىم ئاتا: «تېخى كەلمىدىمۇ؟» دەپ شەيخ جارۇللاغا ئادەم ئەۋەتتى ھەمدە: «خاجەلەرنى تۇتۇپ، قايسىسى شاراب ئىچكەن بولسا، شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە، مۇھتەسىپلار جازاغا تارتسۇن» دېدى.

خارەزىم شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مۇنار بار ئىدى. خاجەلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، شاراب ئىچىۋاتاتتى. مۇھتەسىپلار بۇلار كۆرۈپ، جازاغا تارتىش ئۈچۈن مۇنارغا چىقتى. خاجەلەر مۇھتەسىپلارنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى مۇناردىن يەرگە تاشلىدى. ئۇلار يەردە ئاياغى بىلەن تىك تۇردى.

قوللىرىدا شېشە ۋە پىيالىلىرى بار ئىدى. بۇلارمۇ سۇنمىدى. خاجىلار ئۇ يەردە شېشىسىدىن پىيالىلەرنى تولدۇرۇپ ئىلاھىي شەربەتلەرنى ئىچمىشتى، بۇنى كۆرۈپ خلايىقلاردىن سۇرەن ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. 〔12〕 پۇتكۇل خالايىق بويۇنلىرىغا پوتىلىرىنى سېلىپ خاجىلەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ مۇرىت بولدى.

ئەي دەرۋىش ئاگاھ بولغىنكى، ئەرەنلەرنىڭ مەي ۋە مەيخانىدىن پەرۋاسى يوقتۇر، ئۇلار ئاللانىڭ مۇھەببەت شارابىنى ئىچىدۇ.

نەقىل قىلىنىشىچە، سۇلتان ھەبىبنىڭ بىر قارا توپچاق ئېتى بار ئىدى. بىر قارا تايغىنىمۇ بار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئۇۋغا چىقىپ، كېيىكلەرنى تۇتۇپ، بۇ توپچاق ئاتقا يۈكلەپ ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ھەكىم ئاتىغا سوۋغا قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك ئادىتى مۇشۇ ئىدى. ھەكىم ئاتا: «مېنىڭ بۇ ئوغلۇم دەرۋىش بولمىدى. بۇۋىسى بۇغراخانغا ئوخشاش لەشكەر بولۇش ئويى بار» دەيتتى.

خاينۇق ۋىلايىتىنىڭ تۇرا دېگەن كەنتىدىن بىر كىشى كېلىپ ھەكىم ئاتىغا مۇرىت بولغانىدى. تەرىقەت يولىنى تۇتۇپ، جاپا چېكىپ، كېچە ـ كۈندۈز مۇناسىپ خىزمەتلەرنى قىلىپ ھەقتىن نەزەر تاپتى. 〔13〕 ھەكىم ئاتا ھەقىقىي كۆڭۈل بىلەن سەيىد خاجەنى ئوغلى بىلەن تۇرا دېگەن كەنتكە ئەۋەتتى. «ئەسلى تۇرا» دېگەن زات ئۇنىڭ پەرزەنتى ئىدى. تۇرا دېگەن خاينۇقنىڭ بىر كەنتىدۇر.

ھەكىم ئاتا ئەنبەر ئانا بىلەن : «شەيخ مەخمۇت بىر ئوغلىمىزدۇر، ھەبىب خاجەمۇ ئوغلىمىزدۇر، قايسىسى كامالەتكە يەتتىكىن » دەپ كېڭەشتى. ئەنبەر ئانا: «ھەرقايسىسىنىڭ ئىسمىلىرىنى تۇتۇپ چاقىرىڭ، ھەقتائالانىڭ دەرگاھىدا (نېمە) ئىش قىلىپ، قانداق كامالەت تېپىپتۇ» دېدى. ئۇ(ھەكىم ئاتا) شەيخ سەئىدنى چاقىردى. شەيخ سەئىد: «لەببەي» دەپ ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى ـ دە، ھەكىم ئاتىغا سالام قىلدى. ھەكىم ئاتا سالامنى ئىلىك ئېلىپ: «ئەي، بالام قەيەردە ئىدىڭ؟» دەپ سورىدى. شەيخ سەئىد «تۇرا دېگەن يەردە ماش ئۇرۇقىنى چېچىپ تۇرۇۋاتاتتىم ، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ دەرھال بۇ يەرگە كەلدىم» دېدى.

ئەمما تۇرا دېگەن يەردىن بۇ يەرگە قىرىق كۈنلۈك يول ئىدى. بۇنچە 〔14〕 يولدىن بىر نەپەس ئىچىدىلا يېتىپ كەلدى. ھەكىم ئاتا خۇشال بولۇپ دۇئا قىلدى. شەيخ سەئىدنىڭ كارامەتلىرى كۆپ ئىدى.

ھەكىم ئاتا يەنە سۇلتان ھەبىبنى ئۈچ قېتىم چاقىردى. سۇلتان ھەبىب كەلمىدى. ئاتىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كۆڭلى پەرىشان بولدى. لېكىن، ھەبىب خاجە ئۇۋغا چىقىپ، مۇھىد دېڭىزىغا كىرگەن بولۇپ، كېمە غەرق بولغانىدى. شۇ ھامان ئۇمۇ يېتىپ كەلدى. ھەكىم ئاتا «قەيەردە ئىدىڭ؟» دەپ سورىدى. سۇلتان ھەبىب جاۋاب بېرىپ: «ئۇۋغا چىققانىدىم، مۇھىد دېڭىزىدا ھەمراھلىرىم سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى، مەن كېمىنى تارتىپ تۇرۇۋاتاتتىم. ھەقتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن سىزنىڭ چاقىرغان ئاۋازىڭىزنى ئىشىتتىم، لېكىن كېمىنى قويۇپ كېلەلمىدىم، ئاخىر كېمىنى تارتىپ چىقاردىم، ئاندىن بۇ يەرگە كەلدىم» دېدى. ھەكىم ئاتا بۇ سۆزلەرگە ئىشەنمەي: «سەن قەيەردە، دېڭىز قەيەردە؟» دېدى. شەيخ ھەبىب: «ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، پۇتۇمدىكى 〔15〕 ئاققان قانلارنىڭ يارىسىنى كۆرۈڭ» دەپ كۆرسەتتى ۋە يەنە: «ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسىڭىز، بەش ئايدىن كېيىن مىڭ تۆگە مال نەزىر كېلىدۇ» دېدى. بۇ مىڭ تۆگە مال بەش ئايدا كەلدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ مۇرىتلىرى يىغلىشىپ سۇلتان ھەبىبنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ھەكىم ئاتا ھەيران بولۇپ : «بۇ ئوغلۇمنىڭ كارامەتلىرى ئاشكارا بولۇپ ۋەلىيلىك دەرىجىسىگە يەتكەنكەن» دېدى.

ئەمما، ھەكىم ئاتا بامداتنىڭ سۈننىتىنى بۇ يەردە ئوقۇپ، پەرزىنى مەككىدە ئادا قىلاتتى. بىر كۈنى خاجە ھەبىب: «ھەي ئاتا، بامداتنىڭ سۈننىتىنى بۇ يەردە ئوقۇپ، پەرزىنى مەككىدە ئادا قىلىسىز، ھەي ئاتا، ئەرەنلەردە ئېتىقاد كامىل بولسا، كەبە بۇ يەرگە كېلۇر » دېدى. ھەكىم ئاتا: «ئۇ ئىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، بۇنداق ھىممەت سىزدىن كېلۇر» دېدى.

ئەلقىسسە، ھەكىم ئاتا بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كېلىپ، مەسچىت ئىچىدە ھەبىب خاجەنى كۆردى. تېخى يەنە كەبىنىڭ بارلىق ئەرەنلىرى ھەبىب خاجەنى 〔16〕 تاۋاپ قىلىۋاتاتتى. بۈيۈك كەبىنىڭ ھالقىسى كېلىپ مېھرابنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. ھەكىم ئاتا ئۇ مۇبارەك ھالقىنى تاۋاپ قىلدى. ئۇ كۈنى كەبە ئەرەنلىرى بىلەن جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇدى ۋە يەنە بارچە ھېسار خەلقى تاۋاپ قىلىپ مۇرىت بولدى. ئۇ كۈنى ھەكىم ئاتىنىڭ كۆڭلىدە غەيرەتلىرى جوش ئۇردى. ئىشراق نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، كەبە ئەرەنلىرى بىلەن ھالقا غايىب بولدى.

ھېكايەتلەردە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەكىم ئاتىنىڭ مۇرىتلىرى يىغىلىپ، توققۇز ئاي ئولتۇرۇپ زىكرى ـ سانا قىلدى. ھەبىب خاجە ئۇۋغا كەتكەنىدى. ئۇ مۇرىتلىرىنىڭ بەرگەن ئاش ـ سۇدىن نېسىۋە قويمىغانىدى. ھەبىب خاجە ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ، شەكسىز كارامەت بىلەن كېيىكلەرنى كەلتۇرۇپ ھەكىم ئاتىغا نەزىر قىلدى. ئاندىن تەۋازۇ بىلەن تەزىم قىلىپ: « ئەي، ئاتا، مۇرىتلىرىڭىزغا قوي ـ كالا ئۆلتۇرۇپ مېھماندارلىق قىلىسىز، ماڭا ھېچ نەرسە قويمايسىز» دېدى. 〔17〕 ھەكىم ئاتا: «سىزمۇ ئەرەنلەرنىڭ ئىشنى قىلىپ نېسىۋە ئېلىڭ» دېدى. ھەبىب خاجە ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇرىتلارغا: «ئۆيلارنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. مۇرىتلار ئېلىپ كەلدى. ھەبىب خاجە قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ، ھاسا بىلەن ئۆيلارنىڭ تېرىسىگە ئۇرۇپ، مۇراجىئەت قىلىپ: «ئەي جانىۋارلار تەڭرىنىڭ يارلىقى بىلەن تىرىلىپ قوپۇڭلار» دېدى، بىر نەپەستىلا تىرىلىپ قوپتى. ھەبىب خاجە: «ئەي ئاتا، مانا بىز ئىشنى قىلدۇق، ئەمدى بارچە دەرۋىشلەر ئۈلۈشىۋالسۇن» دېدى.

بارلىق كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ زار ـ زار يىغلاشقا باشلىدى. ھەبىب خاجەنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ھەممىسى ئۇنى ئەزىزلەپ تۇۋا قىلدى. بۇ سىرنى كۆرۈپ ھەكىم ئاتىدا غەيرەت پەيدا بولدى ـ دە: «ئەي ئوغلۇم، ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىماس، يا سىز تۇرۇڭ، يا مەن تۇراي» دېدى. ھەبىب خاجە بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ: 〔18〕 «ئەي ئاتا، بۇ سۆز مەشھۇردۇر، ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازانغا سىغماس، مۈڭگۈزلىرى بولسا سىغماس، مۈڭگۈزلىرىنى ئېلىۋەتسە، ئىككى ئەمەس تۆت بولسىمۇ سىغىدۇ» دېدى. ئاندىن يەنە: « بۇ لەۋزىنى بىزگە قىلدىڭىز، بىزگە ئەمدى يولغا چىقىش ياخشىدۇر، سىز بۇ يەردە ياخشى قىلىڭ» دەپ خانىقادىن چىقتى. ئاندىن كېيىن ئانىسى ئەنبەر خانىمنىڭ يېنىغا كىردى. ئانىسىدىن رازىلىق تىلىدى ۋە نەزىر ـ نىيازلىرىنى ئالدىدا قويدى. ھەبىب خاجەگە مال ـ مۈلۈك كۆپ كەلگەنىدى. ھەممىسىنى تەڭرى يولىدا، مۆمىنلەرگە، دەرۋىشلەرگە بەردى. ئاندىن: «ئەي يارانلار، ھەر كىشىنىڭ بېشىغا بىرەر مۈشكۈل ئىش چۈشسە، بىزنى چىن ئېتىقادى بىلەن ئەسلىسۇن، بىز پەيدا بولۇپ ياردەم قىلىمىز» دېدى. يەنە ئانىسىغا: «ئەي ئانا، ئەگەر مەن بۇ ۋىلايەتتە تۇرغان بولسام، سىزنىڭ ئانىلىق ھەققىڭىزنى ئادا قىلار ئىدىم، ئەمدى سەپەر قىلىدىغان بولدۇم، ئاتامغا مەندىن سالام دەڭ، مېنى ھەر دۇئادا ياد قىلسۇن، 〔19〕 مەندىن رازى بولۇڭلار» دەپ خوشلاشتى. ئانىسى ئەنبەر خانىم ھەبىب خاجەنى قۇچاقلاپ باھار بۇلۇتلىرىدەك زار ـ زار يىغلاپ: «ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى بالام، ۋاي جېنىمنىڭ پارىسى بالام، ۋاي جېنىمدىن ئەزىز پەرزەنتىم، مەن سېنى كەتكىلى قويمايمەن» دەپ نالە ـ زار قىلغانىدى، ھەبىب خاجە: «ئەي ئانا، مېنى قويۇپ بېرىڭ، بىردەم ئىشىكتە تۇرۇڭ» دېدى. ئانىسى

ئىشكتە تۇردى. قارىسا خاجە كېپىنەك تونىنى كېيىپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇردى ۋە ئاندىن: «ئەي مېھرىبانىم ئانا، مېنىڭ ئۈچۈن كۆپ يىغلىماڭ، بىزنى دۇئا بىلەن خۇشال قىلىڭ، بىزگە يول بولسۇن، سىلەرگە يۇرت قۇتلۇق بولسۇن» دەپ كېپىنەك ئىچىدىن چىقىپ غايىب بولدى. ئەنبەر ئانا يۈزلىرىنى يىرتىپ، زار - زار يىغلاپ (ھەبىب خاجەنىڭ) ئاتىسى يېنىغا باردى ۋە بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر بەردى. ھەكىم ئاتىمۇ يىغلىدى. چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن [20] يىغلاشتى. ھەكىم ئاتا پەرىشان بولدى. بارلىق ۋىلايەتلەرگە خەۋەر بېرىپ ئىزدىدى. ھەقتائالادىن ھەكىم ئاتىغا: «سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ نەسەبىدىن قىرىق ئەۋلىيا بارلىققا كېلەتتى، ھەممىسىنىڭ گۇناھى ساڭا بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۆلگەن ۋاقتىڭدا ئۇستۇڭدىن قىرىق يىل سۇ ئاقىدۇ، ئاندىن كېيىن گۇناھىڭدىن پاك بولىسەن» دەپ يارلىق كەلدى، ھەكىم ئاتا بۇ سۆزنى ئىشىتىپ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، ئاللاغا قول كۆتۈرۈپ يېلىنىپ: «ئىلاھا سەن دانادۇرسەن، باشپاناھسەن، قادىرسەن، بارلىق قۇللارنىڭ سىرىنى بىلگۈچىدۇرسەن» دەپ مۇناجات قىلدى.

ھېكايەت قىلىنىشچە، ھەكىم ئاتا قارىمۇتۇق كىشى ئىدى. ھەكىم ئاتا يويۇنغاندا، ئەنبەر خانىم ئۇنىڭغا قاراپ سالسا «مەن بۇغراخانىنىڭ سايىپجامال قىزى تۇرسام، خۇدايتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇنداق قارا كىشىگە نېسىپ بولدۇم» [21] دەر ئىدى. ھەكىم ئاتىغا بۇ سىر ئايان بولدى. ئېيتتىكى: «ئەي ئەنبەر، مېنى قارا دەپ خارلايسەن، مەندىن كېيىن سەن شۇنداق بىر قارا كىشىگە ئۇچرايسەنكى، ئۇنىڭ چىشىدىن باشقا ھەممە ئەزاسى قارا بولغاي» دەپ لەۋزە قىلدى. ئەنبەر ئانا ئېيتقان سۆزىگە پۇشايمان قىلدى. ھەكىم ئاتا مەخمۇت خاجە، ئەسغەر خاجەنى چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتتى. ھەكىم ئاتا: «ئەي ئوغلۇم، مېنىڭ ۋاقتىم ئاز قالدى، ئەمما مېنىڭ قىرىق نەزىرىمنى بەرگەن كۈنى شەرق تەرەپتىن تۇغ ۋە ناغرىلارنى كۆتۈرگەن قىرىق ئابدال كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قارا ئابدال بار. بىر كۆزى كۆرمەيدۇ، بىر پۇتى ئاقساق، ئانىڭىز ئەنبەرنى شۇ قارا ئابدالغا نىكاھ قىلىپ بېرىڭ» دەپ بۇ ئالەمدىن كەتتى (ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ) (سۈرە بەقەر 156 - ئايەت.)

ھەكىم ئاتىنىڭ قىرىق نەزىرىسىنى بەرگەن كۈنى قىرىق ئابدال كەلدى ۋە [22] سورۇن تۈزۈپ ئولتۇردى. خاجەلەر كېلىپ كۆردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قارا ئابدال بار ئىدى، لېكىن ئاتىسى ئېيتقان ئابدال يوق. خاجەلەر: «يەنە باشقا بىرەر كىشى قالدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئابداللار: «بىر قارا ئاجىز ئابدال قالدى، ئۇلاغلىرىمىزنى ساقلايدۇ» دېدى. خاجەلەر: «ئۇ دەرۋىشنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن قارىسا، ئۇنىڭدا ھەكىم ئاتا ئېيتقان نىشانلەر بار ئىدى. ئۇ دەرۋىشتىن: «ئېتىڭىز نېمە؟» دەپ سورىدى. دەرۋىش جاۋاب بېرىپ: «ئېتىم زەڭگى ئاتا» دېدى. خاجەلەر: «بۇ ئاتىنى ھەممەيلەندىن يۇقىرىغا چىقىرىڭلار» دېدى. دەرۋىشلەر: «يۇقىرى چىقارمايمىز، ئۇ ھەممىمىزدىن كىچىك» دېيىشتى. خاجەلار: «بۇرۇن چوڭ بولساڭلار، بۇ ئەمدى ھەممىڭلاردىن ئۇلۇغ بولدى» دەپ زەڭگى ئاتىنى ھەممەيلەندىن يۇقىرىغا ئولتۇرغۇزدى. تاماق ئەكەلدۇردى. ئاندىن كېيىن زەڭگى ئاتىنى ئېلىپ قالدى. ئەنبەر خانىمنى ئىددىتى توشقاندىن كېيىن زەڭگى ئاتىغا نىكاھ قىلىپ تاپشۇردى. [23] زەڭگى ئاتا كامىل ۋە تولغان ئەۋلىيا ئىدى. ئۇنى تەرىپ - تەۋسىپ قىلىشنى قىسقارتتۇق.

شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، زەڭگى ئاتا ئەنبەر ئانىنى تاشكەنت ۋىلايىتىگە ئېلىپ باردى. ئەنبەر ئانا ھەر كۈنى پاي جامەسىنى بېلىگە باغلاپ ۋە تېخى قوللىرىغا بىر تاياق ئېلىپ ۋە يەنە ئىككى قاچىدا تاماق ئېلىپ زەڭگى ئاتىغا ئېلىپ باراتتى. كىشىلەر: «بۇ نېمە قىلغىنىڭىز» دەپ سورايتتى. ئەنبەر ئانا ئۇلارغا: «ئىككى قاچىغا تاماق ئېلىپ بارىمەن. بىرى ئىسسىق، بىرى سوغۇق، ئەگەر زەڭگى ئاتا قايسى


تاماقنى خالىسا شۇنى ئىچسۇن دەپ، بۇ تاياقنى ئېلىپ بارغىنىم، زەڭگى ئاتىنىڭ ئاچچىقى كەلسە بۇ تاياق بىلەن ئۇرسۇن دەپ، پاي جامەمنى بېلىمگە باغلىۋالغانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەگەر زەڭگى ئاتىنىڭ نەپسى قوزغالسا، پاي جامەنى سالغۇچە هايال بولۇپ 〔24〕 گۇناهكار بولۇپ قالماي دەيمەن» دەپ بۇ سەۋەبلەرنى ئېيتتى.

ئەنبەر ئانا خوتۇنلارغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيتتى: «ئەي خوتۇنلار، كەتخۇدايىڭلارغا ياخشى خىزمەت قىلىڭلار، ئەگەر تەكەببۇرلۇق قىلساڭلار، ئىش مۇشكۇل بولىدۇ».

ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېتى ئەنبەر ئانا ئىدى. زەڭگى ئاتىغا ئاش توشۇغان سەۋەبتىن «ئاش كەلتۈرگۈچى ئانا» دەپ ئاتالدى.

زەڭگى ئاتىنىڭ پەزىلەتلىرىدىن بىرى شۇ ئىدىكى، ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن ھەرقانداق مال ئۇرۇق بولسا بىر سائەتتە سېمىز بولاتتى، سۈتى يوق بولسا سۈتلۈك بولاتتى، ھەرگىز باشقىلارنىڭ زىرائىتىگە كىرىپ زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيتتى.

ھېكايىلەردە شۇنداق بايان قىلىنىدۇكى، ھەكىم ئاتىنى ھىسارنىڭ (دەريا) ئۆتىدىغان تۆۋەن تەرىپىدە قويغانىدى. ئەلقىسسە، ھەكىم ئاتىنىڭ ئۈستىدىن قىرىق يىل سۇ ئاققانىدى، ئاندىن كېيىن ئۇ دەريا قۇرۇدى. 〔25〕 ھازىر ئۇ يەرنى «قارا يانتاق» دەيدۇ. ئاندىن ھەكىم ئاتىنىڭ روھلىرى خاجە جالالىدىنگە چۈشتى. مەلۇم بولدى: «ئەي جالالىدىن بىزنىڭ جەسىتىمىزنى ئىزدەپ تاپقىن، ئۈستىمىزگە ئىمارەت سالغىن، بىزدىن ئۈلۈش ئالغىن.» خاجە جالالىدىن شۇنچە ئىزدىدى، تاپالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خاجە جالالىدىن ئۆز يۇرتىدىن نۇرغۇن مال ئېلىپ سودىغا باردى. ئاندىن يېنىپ كېلىشىدە باقىرغاننىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ھاۋانى بۇلۇت قاپلىدى، بوران چىقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يامغۇر يېغىپ، يەر كۆپ سۇ بولۇپ قىيامەت بولغاندەك بولدى. بارلىق كارۋانلارنىڭ ماللىرى بىر تەرەپتە، ئۆزلىرى بىر تەرەپتە قېلىپ ھەيران بولدى. تاڭ ئاتتى، كۈن چىقتى، خاجە جالالىدىن 〔26〕 مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ، تاپالماي، «بۇ قەيەردۇر؟» دەپ بىر دۆۋىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. يىراقتىن بىر قارا كۆرۈندى، يېقىن بېرىپ قارىسا، بىر ئايال ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئايالغا سالام قىلدى. ئۇ ئايال سالامنى ئىلىك ئالدى، ئاندىن: «ئەي يىگىت، قەيەردىن كەلدىڭ؟ نەگە بارىسەن؟» دەپ سورىدى. خاجە جالالىدىن: «ھەكىم ئاتىنىڭ قەبرىسىنى بىلەمسىز؟ مەن ئۇنى ئىزدەپ يۈرەتتىم» دېدى.



1

اشیتیب مکتبغه اوستادلارینینگ آلدیلاریغا اوبجیله
تورغوب اجازت تیلادیلار اوستادلاری اجازت بیردیله
آتا انالاری سلیماننی الیتورغوب خواجه احمد یاسوی غه
تاپشوردیلار خواجه احمد یسوی قرآن اوقوغالی تیلادیلار
بارچه علمینی ضبط قیلدی اون بیش یاشغه کیرگانیده
کیین خواجه احمد یسوی کونلاردا بیر کون خضر علیه السلام
خواجه احمد یاسوی غه مهمان بولدی خواجه احمد یسوی مکتبغه
اوغلانلارینی یاریتیب اوتون الیب کیلگالی دیب بویوردیلار
مکتب بالالاری اوتونغه باردیلار سلیمان اوتون الورغه مشغول
بولدیلار ایرسه یوق بوزولوب یامغور یاغا باشلادی
سلیمان اوتونی سالیب اوتونی یورگالیب اوزیغه
یلانگاچ اولالب اوتونی یوکلاب کیلدی بولارنینگ
اوتونی نسالیب ایردیلار سلیماننینگ اوتونی
قوروق

2

قوروق بولوب ایردی بوزنه سینی دیب سوردیلار ایرسه
خواجه سلیمان ایتتی یامغور یاغا باشلادی اوتونم نی سالیب
یورگالیب ایردیم انینگ اوچون خنیک اوتونم
قورغوندور دیب جواب بردیلار ایرسه خضر علیه السلام
آفرین قیلدیلار خوش حکیمان ایش قیلدی دیب بو نینگ
آتی حکیم سلیمان بولسون دیدیلار حضرت خضر علیه
السلام نفس سوردیلار خواجه احمد یاسوی شادمان
بولدیلار سلیماننی قتلوق آتا بولسون دیب
فاتحه اوقیدیلار دینه خواجه احمد یاسوی فاتحه
اوقیدیلار دینه خواجه احمد یسوی سلیماننی قتلوغ
آتا بیله نفس بیله آتاقو دیدیلار لیکین بخشیش
بولغانیدیب خضر علیه السلام ایدیلار حکیم سلیمان
آغزیغه اجیغلی حکیم سلیمان اغزیغه آچتی خضر علیه السلام

3

آغزیغه توکوردی حکیم آتا اول حالدا دیب ایچیکالالارکیمخاده
خضر آتا ایتیلار تمه توکروسین اسرار سیکی الیمل دیب
رخصت بردیلار حکیم آتا اسرارغه اغزاجیب
خواجه احمد یسوی دیب نظر رحمت برلو خضر آتا دیب
نظر تاقیتیلار ایرسه خواجه احمد یسوی نینگ
توقسان توقوزمینگ کامیل مکمل بولغان مرید
لاری بار ایردی کونلاردا بیر کون قربان آیی جمع
توقسان توقوزمینگ مشایخلار حاضر بولدیلار
ذکر تنا توبتی قورمادی نماز وقتی بولدی کلار
بارچه ایتیلار امامت لیکن قیلغان دیب
هیچ کیم قیلمادی امام حضرت سلطان آتا حضرتلیکه
که ایلیتتیلار حکیم آتانینگ مقصودی بو ایردیکیم
بو مشایخلار ننگ سناما اوچولار اول ... دیب
قیسی

4

قیسی کمالیغه یتیب دورا نینگ اوچون حکیم آتانی
معنی دیب قیرق مینگ تواقین بیلیک گا مخلاب امامت
لیکن قیلدیلار انینگ اوزنگ یانیدا محمد صوفی دانشمند
بار ایردی سهل یانیدا حکیم سلیمان بار ایردیلار
خواجه احمد یاسوی قراءت قیلیب رکوع سجودغه
باردیلار تواقدین آواز حقیقتی ایرسه باریجه کمان
قیلدیلار که حکیم آتانینگ طهارتی بیسندی دیب نمازی
لارین بوزدیلار حکیم سلیمان بوزمادی نقل قیلیب
دورلار کیم محمد صوفی دانشمندی بریاغین خانقا
دین چیقاردی کورارلار کیم حکیم آتا نمازدا توروبدور
ینه کلیب بواوج عزیز بیله نمازنی اوقادیلار ادا
قیلیب سلام بردیلار خواجه احمد یاسوی آرقلارینی
چراینه قیلیب بوردیلار سیزلار نچوک ییده نمازینگیزلارنی

5

بوزدوشخلار منىكە طها رتيم كا ميل ايردى سيتىر لارنى سيناغاي
اوچون تراق باتقلاب ايردىم موشه كوزونكيز لاردى ديب
كورديب يتيلار ردا اتيبلار كيم تخى منكا بو يرم مريدنما عيل
بولوب بوردى حكيم سليمان آتا يارمى جعفر محمد دانشمند
دبيديلار نقل قيليبدورلار كيم سلطان خواجه احمد يسوى
خلوت اختيار قيليدلار خلوت نافقا نيدكين جماعت
فرقه فرقه بولوب هر كيم اوز جماعت لارى بيله مهمان
دارليق قيلديلار حكيم آتا يالغوز مهمان دارليق قيلدىلار
هيچ كيم بغيى نيماديلار حضرت سلطان سيحو قيتيا
خانقاه لاريغه كلديلار كه كوردى لاركيم برآداز كيلادور
باقديلار حكيم آتا تركيب كليبدور حضرت سلطان
مبارك بويونلاريغه كوتاريب اليب كورديلار آندا انبياتى
بنياد قيلديلار آندا هم بر يشى قيلدى بار چه غه اوز لاريدكا
مهمان قيلدى

6

مهمان قيلدى سبحانه خداى تعالى اوزينكا مهمان قيلدى
ديب نغنشى سوردى بارچه نعمت خداى تعالى بيكا
روزى قيليبدور اما بو اچوالغه نادان بيلماس صاحب
باطن لار باطين كوزى آچيق كونجه ايرانلارنينك
نظرى تجبارت نافار عاشيق فم خدا نينك نظرسيني
آلما غونچه قجبار كيفيت حاصيل قيلور خواجه احمد يسوى
حكيم آتا غه براق تيوه بر ديلار دا ايد يلار ايمدى سينيك
ايشينك تمام بولو دورهر بو تيوه نه منيكيل باشيني
قو يا بركيل هر برده چوكسه شينيك منزل جاكا نينك
شول بولغوسى سينكا خداى تعالى ادج اوغل فرزند
عطا قيلور تا قيامت نجه جرا غينك اوجماس ديب
نغنشى قيليد يلار حكيم آتا تيوه كه مينديلار شول
مينكانلاريچه تيوه نينك باشيني قويا بر ديلار اول تيوه

7

تركستاننينك كون چقار طرفيكا روان بولدى منزل مراحل
طى قيليب بى تواره آزدورغانغه كليب دريا طرفيكا
باقيب تيوه باقرادى آنديين اوتوب حصار ديكان
يركا باريب جوكالاندى الجقتانتنيش قيليب
چيدادى تيوه توقتاب اونا مادا اول يركه باقراغاج
آطقو يديلار تا اولدورماين بودم غجه باقرادى لار
حكيم آتا حصاردا تيوه دين توشتيلار حصار نينك
اطراف لارنى سيرتماشا قيليب كورديلار كيم بو نجا اطا
لارا اوتلاب يوروردى ايرديلار اول بوغرا خان
نينك يلقى لارى او تلايدورغان يرايردى ناگاه بش
كيشى كليب حكيم سين بو يردا نمه قيلورسين ديب
هيبت قيلدى حكيم آتا ايتيلار من بردرويش تورور من
بو منزلدا مقام قيلور خياليم بار يلقچى لار ايتتى بو يربغراخان
نينك

8

نينك يلقى لارى او تلايدورغان يرايردى ناگاه بش كيشى كليب
سين كيم سين بو يردا نمه قيلورسين ديب هيبت قيلدى
حكيم آتا ايتيلار من بر درويش تورور من بو منزلدا مقام
قيلور خياليم بار يلقچى لار ايتتى بو ير بغراخان نينك
يلقى لارى او تلايدورغان يرى تورور بو ندا منزل مقام
قويماسيمز ديب اوچ قوق لارينى اليب حمله قيليد يلار
ايرسه حكيم آتا يلقچى لار غه ايتيلار من سبا ونكا
آزار برما نكلار بولار او نامادى دست درازليق قيلدى
حكيم آتا نينك غير تلارى كليب بغاچلار غه امر قيلدى
قوتو نكلار بوبه اوديه لار ايرسه بغاچ لار يلقى لارنى
باسيب آلدى ايكا يسى تعاجيب باريب بغراخانغه
واقعه نى بيان قيلدى بغراخان ايتى بوكون اوكچه
بولوب ايردى توشوم دا بو واقعه نى كوروب دورمن عبد الله

9

آتلیغ کیشی سینی قحجر تیب انگا ایدیکیم سین باریب تعظیم
ادب برله سوزغیل اول درویش تاپدی کلیب دورکیم
نینک مریدی ترور اطی نیمه عبدالله صدوری کلیب
تعظیم بجا کلتوروب حکیم آتا دین بوروتکیم بو بلیقچی نه بجوکه
باشینکیز حکیم آتا ایشلاریغاچ دین سوزغیل عبدالله یغاچ
دیه بوردی اول یغاچ دین آواز کلدی هرکیم خدا نینکه
دوست لاریغه ادب لیک قیلسه جزاسی اوشبو دور
عبدالله صدوری بو آواز لارنی ایشیتیب یانیباریب
بغراخانغه ایتی بغراخان وزیرلاری بیله کلیب حکیم
آتاغه ملازمت لار قیلدی ایکا اوچ کون ملازمت
لاریدا توروب بولاردین کشف کرامات ظاهر قیلیب
عقیده اخلاص بیله بو عزیزغه آطکلاقوی تیوه لارنی
قطارسی بیله نیاز قیلدی ویته برقیزی بار ایردی عنبرخانیم
اتلیغ

10

آتلیغ بسیار صاحب جمال ایردی اطقیزینی هم نیاز
قیلدی ایرسه بغراخانغه تمام بیکلاری برله اولوغ کچیک
همه مرید بولدیلار حکیم آتا نینک شهرت وشوکت لاری
هنوز زیاده بولدی اول بیرد اجنرل مقام اریسته قیلیلا
نقلیدورکیم عنبرخانیم دین امیع اوغول بولدی اولوغی
نینک آطی محمود خواجه ایکنچی نینک آطی اصغر خواجه
اوچونچی نینک اطی حبیب خواجه شیخ جارالله علامه
دانشمند ایردی کشف الاسرار اولار تصنیف قیلغان
ترور محمود خواجه اصغر خواجه شیخ جارالله دا اوقوب
علم تحصیل قیلغاندور لار کمالغه یتدیلار ایرکون خواجه لار شراب
ایچیب مست مستغرق بولوب ایردیلار خلایق لار تعجب
قیلدیلار مونداغ مشایخ لارقیتغه الاسلام ایچیدا
شراب ایچادورلار حکیم آتاغه ایتیلار حکیم آتا بولارغه


11

برکیشی ایباردی تا خواجه لارنی موندا کلتوروب اولار اندیشه
قیلیب باریا دیلار تکی حکیم آتا ایشلا کلیا دیمودیب حکیم آتا
شیخ جارالله غه کیشی ایباردی خواجه لارنی تو توب
شرع نینک حکمی بیله احتساب قیلیبو تلار محتسب لارنی
ایشلار برقیلیشی تحرا ایچیب احتساب قیلیبو تلا
خانذم شهری نینک اوتره سیدا برمنار بار ایردی اینکه
اوزره سیکا چقیب خواجه لار شراب ایچارکه مشغول بولدیلار موغه
محتسب لاری کوروب منارغه چقیبلار خواجه لارنی احتساب قیلماغاه
خواجه لار بولارنی کوروب اوزلارنی منار دین تاشلادیلار کیکا
توشیلدا اباق اوستینکه اتکاتورکی دین ایلیک لاریغایتیشه
صراحی قیادلاری بار ایردی بولار هیچ شکاداغی خواجه لار
اول یردا صراحیدین قیالرنه تولدوروب شربتی الغی
نوش قیلدیلار انی کوروب خلایق لار دین غرورفو قترو بوینلا
فوتم


12

خوتیب سایبیب خواجه لار تینکماغا غورینغ قیلدیلار تمام خلایق
مرید بولدیلار سای درویش انکا بول ایرانلازمی میخانه ده
فردالاره بوقنوزمی محبت الله شراب ینی ایچار لارنتلیه دیو
سبحانی حبیبی نینک یی قیلو قیچاق بلار بار ایردی هر قیزنی
تارخانه یا را ایردی هر کونه اعمیه چقیب کیک لار اونوبیه
بولوقچاق آطغه یو کلاب کلورایردی حکیم آتاغه نیاز قیلور
ایردی هر کون عادتیلیه ایکشنبه ایردی حکیم آتا ایتور ایردی
منینک بو اوغلوم درویش بولغای بسیار یو لوز جنال ماریجین
باباسی بغراخانغه تاج و خرقه برلا یردیلار چنوقچیلا تیدی
ترادیکان کنت دیه برکیشی کلیب حکیم آتاغه مرید بولدیلار
ایرطریقت بولین ضبط قیلیب یافته تارتیبینی کچرکوندو
خدمت شایسته قیلیب بیله تنهایی نظر تاپتی حکیم آتا


13




14



15



16



17

حکیم آتا ایتتی بیز هم ایرانلارنینگ اشیغنی قیلیب نصیحه ایلیک
حبیبی خواجه توفتر من بیلارغه ایتتی اوی لارنینگ تیره سینی
الیب کیلیشکلار ایرمن بیلار الیب کیلدیلار حبیبی خواجه حبیبه
باقیب توروب مناجات قیلیب عصا بیله اومیلارنینگ
تیره سیکا اوردی ایتتی ایدیلار ای جانورلار تنگری یارلیقی
بیله تیریلیب قوبونکلار دیدی بیر تفحص دا تیریلیب قوپتیلار
حبیبی خواجه ایتتی ای بابا بیز اوش قیلدوق دا ایدی بارچه
هم درویشلار اوغلانلار اشیب آلیبو ایلار دیدی بارچه لار ابواجنی
کوروب زار زار یغلاشیب توفتیلار حبیبی خواجه نینگ
ایاغلاریغه یقیلدیلار بارچه لاری انابت قیلیب توبه قیلدیلار
بو سیرنی کوروب حکیم آتاغه غیرت پیدا بولدی و ایدیکیم
ای اوغلوم ایکی توقچارنینگ باشی تیراغ اندا قانیامانی
سیر آتورونکیزمن تورای حبیبی خواجه بو سوزنینگ معنی سینی انگلاب
ایدیلار

18

ایدیلار ای بابا بیز [illegible] اوقوچارنینگ باشینی
تیرغیزغه سیغماس مونکوزلار بیله سیغماس مونکوزلارنی
آلیب ایکی تورغان تورت بولسه هم سیغادور دیدی اول
بیزکا بیرور مونکوز بیزکا بیل خوش بولغای بیز مونداخوش
بولغایلیک دیب خانقاده حبیبیلار آندین آناسی عنبر خانیم
تماشه کوردیلار انالاریدین رضالیق تیلادی و تحی [illegible]
[illegible] حبیبی خواجه ولایتکه کوب کیلدیلار بارچه سینی
تنکری یولیغه مومن لار و درویشلارغه بیرلیب تیلار ای تاپتیلار
لار بیر کیشی نینگ باشیغه بیر مشکل ایش توشسه بیزنی یاد قیلسون
درست اعتقادی بیله بیز حاضر بولوب مدد قیلغایمیز دیدی
ذکریه انالاریغه ایتیلار ای انا اگر سن بو ولایتدا بولسام
بیزنینگ اتالیق حقیقینی ادا قیلولاریم ایمدی پیغمبر
قیلادورغان تمام غه [illegible] سلام بیام دیکیل [illegible] دعا یاد قیلغین

19

بندیده زاهی بولوبتلار دیب بیجیل قیلدیلار انالاری عنبر
خانیم حبیبی خواجه غه توجوزلاری زار چون ابر نوبهار یغلاب
ایدیکیم ای کوزوم نینگ نوری بالام وای جانیم نینگ
پاره سی بالام وای جانیمدین عزیزتر فرزندیم دیب من سینی
کیتکانینگ قیماینمن دیب جزع فزع قیلیب [illegible] حبیبی
خواجه ایتتی ای انا من تورونینگ بیزنینگ اشیکدا توروبکه
انالیسی قیلیب ایکدا توردی کوریلار خواجه جانیم [illegible]
خواجه کیتکانی کیب اوی نینگ اوت [illegible] پیدا اولتوردی و ایدیکی
ای انا مهربانیم منینک اوچون کوب یغلامانک بیزنی مونا بیله
خوش قیلینک بیزکا اول بولغای بیزلارغه بو [illegible] قتلوغ
بولغای دیب کیتکانینک ایچیدین چیقیب غایب بولدیلار عنبر انا
یوزلاریغه بیرتیب زار زار یغلاب آناسی قاتیغ بار دیه [illegible]
جالدین خبر بیردیلار حکیم آتا هم یغلادیلار و اوغلی حبیب
یغلاشتیلار

20

یغلاشتیلار حکیم آتا غمگین بولدی تمام ولایتلار
خبر الیب ایزدادیلار حق تعالی دین حکیم آتاغه یارلیغ
بولدی سینینگ اوغلونگ نینگ نسبیدین قرق ولی توغار
ایردی بارچه سی نینگ گناه سیکا تورار اول سبب دین
اولکانینکدا اوشونینکدین قرق ییل سوا قاراندین کینین
گناهینکدین پاک بولورسین دیب بو سوزنی اشیتیب حکیم آتا
نینگ خاطری شوریش بولوب اولکانلارنی کا [illegible] قول کوتاریب
مناجات قیلدیلار الهی انا سین و بینا سین قادر سین
بارچه قول لارنینگ سیرینی بیلگوچی سین دیب
حکایت قیلدیلار کیم حکیم آتا قرا منبکر کیشی ایردیلار
حکیم آتا غسل قیلور بولسه عنبر خانیم نینگ کوزیکا توشسه
کونکلیکا کلور ایردیکیم من بغرا خان نینگ صاحب جمال قیزی
بولسام خدای تعالی نینگ قدرتیدین مونداغ قرا کیشی کا نصیب بولدوم

21

دیدیلار حکیم آتاغه بو سیر اعیان بولدی ایشیکم ای عنبر
منی قرا دیب خار کاسیمی منیدیه کیبی چیکی انواع کیرچیککا
اوچراغای سیکم تشییدیه اونکابی قرا بولغای دیب
نفس قیلدیلار عنبر آنا دیکا سوزیکا خیشمان بولدی
سجود قیلمادی اریب حکیم آتاغه وقت تعیین تیی محمد خلق
اصغر خلیفه غه کیرشی ایباردی حکیم آتا ایتیلار ای اوغلوم
منکا وقت یقین بولکر دیب اما منینک قرق آشیم نی بوردا
مشرق طرفیدین قرق آبدال کلور توغ طبل الدی برله بولغای
اولارنینک ارسیدا برقرا آبدال بولغای برکوزی ضعیف
وبرایاغی آقسیاق بولغای آنا کیز عنبر نی شول قرا آبدالغه
نکاح قیلیب الیب برینک دیب دنیادین رحلت قیلدیلار
قالوا انا لله وانا الیه راجعون القصه
حکیم آتا نینک قرق آشیمنی بوردا قرق آبدال کلدیلار چرکه
تورزوب

22

چرکه توزوب اولتوردیلار خلیفه لار کلیب کوب دیلارکه برقرا آبدال
بار ولیکن آتالاری ایتقان ابدال یوق خلیفه لار سوز دیلارکه
تیه کیرشیلی [illegible] قالدیموا ابدال لار ایتیلار برقرا ضعیف آبدال
قالدی اول ابدال خلیفه لار [illegible] خلیفه لار ایتیلار اول
دروازه [illegible] الیب کلیکیلی [illegible] الیب کلدیلار کوردیلار کیم حکیم آتا
ایتقان نشانه لار بار اول [illegible] توردیلار اطیکز
[illegible] اطیم زنکی بابا خلیفه لار ایتیلار بو بابانی
بارچه دیه یوقاری [illegible] اولوقلار ایتیلار یوقاری
الماسیمیز بو بارچه دیه کچیک خلیفه لار ایتیلار ایلکری چونک
بولساکلار [illegible] بارچه [illegible] لاردیه اولوغ بولدی دیب
زنکی باباغه بارچه دین یوقاری اولتوردیلار آش
تبلدیلار [illegible] زنکی باباغه الیب عنبر خانیم نی
عقد [illegible] زنکی باباغه عقد نکاح قیلیب قوشدیلار

23

زنکی بابا ولی کامل مکمل ایردی تعریف توصیف قیلماقنی
مختصر قیلدوق روایت قیلیبدورلار کیم عنبر انانی
زنکی بابا الیب باسکندولا [illegible] اختیار قیلیب [illegible]
الیب باردیلار عنبر انا هر کوندا یابیچام [illegible] بیلکا
باغلاب وتحی قول لاریغه برتیاق الیب [illegible] ایکی
[illegible] آتش الیب زنکی باباغه الیب بارور ایردی
خلایق لار سوزلار ایردی بو نیمه قیلغانیکیز عنبر انا اولارغه
ایتور ایردیلار [illegible] آتش الیب [illegible] برکه [illegible]
[illegible] اکر [illegible] آتش نی [illegible]
الچسونلار دیب بوتیاقنی [illegible] الیب [illegible] خانیم بابانینک
آچیغی کلیب برتیاق بیلان اورغالی یابیچام نی
بلیکا انینک اوچول باغلاب [illegible] اکر بابانینک
نفس [illegible] یابیچام [illegible] خیال بولوب
کنکار

24

کنکار [illegible] دیب بو [illegible] ایتیلار اما عنبر انا
خاتونلاریغه نصیحت قیلیب ایتور ایردیلارکیم ای خاتون
لار [illegible] خدمت قیلیبلار [illegible]
یوق قیلیب [illegible] مشکل [illegible] آطیلادی
عنبر انا ایردی زنکی باباغه آش [illegible]
[illegible] زنکی بابا نینک
[illegible] بو ایردیکیم باباغه [illegible] مال [illegible]
[illegible] یوق [illegible]
[illegible] ایردی هر کیز خلق [illegible]
[illegible] ایردی حکایت [illegible]
[illegible] حکیم آتاغه [illegible]
[illegible] القصه حکیم آتا نینک [illegible]
قرق [illegible] کیبی [illegible] دریا [illegible]

25

چالااول یرده قرا یانغاچ دیرلار آندین حکیم آتانینگ
روح لاری خوجه جلال الدین غه توشلارینده معلوم
بولدی ای جلال الدین بیزنینگ جسدیمیزنی ایستاب
تاپقیل اوستونمیزدا عمارت سالغیل بیزونیه
بو توشنی آنگلاب خوجه جلال الدین اندغ استادیکه
معلوم بولمادی آندین کین خوجه جلال الدین خونل
خانه سیدیکه نیچه سال برلا سیدی اغنه باردی لار
ایرسا نیب کلیشیم العابقرا ثنیک توغه سیغو توشیلار
ههوا بولوب لار فیدا بولدی بوزلار قیبوب ملک
کوکراب یمغورلار یاغیب بر کوک سبو بولوب
قیامت بولغاندک بولدی بار چه کافرلار نینگ
مال لاری هر طرفدا اوی لاری بر طرفدا چیلوب بولوب
ایرسا بنه کوز ... جلال الدین
خانماندین


26

خانماندین ابوچلیغالمای بوپرنیمی ... نینگ
اوستیکا چیقتی ایرسا قیبه بر قرا کورونادور یقین
باریب کوردیکیم بر بکر مظلوم اولتوروبدور اول کمیز غه
سلام قیلدی اول مظلوم علیک آلدی سوردی
ای یکیت قایدین کلور سیز و قیان بارور سیز
خوجه جلال الدین ایتیلار ای آتا حکیم آتانینگ
مقبره سینی سیلور بوسیز انی ایستاب یورور میز

توشلاری توراعور جبرائیل علیه السلام دیب بولور دیلار
یا برادریم جبرائیل بوغنه قوشنی تورور جبرائیل علیه السلام
ایتیلار بو بیزنینگه امت لارینیکوز ... بر شیخ نینگ
روحی تورور جلالا سیز کا خدمت اوچون کلیدی پیغمبر
علیه السلام ایتیلار ای جبرائیل نرده دیب کین دیدیلار

27

(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشخانىسىدا)



# شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: قولۇمدا ساقلىنىۋاتقان بىر قول يازمىغا ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ «ئات قىسسىسى» بىلەن يەنە بىر بۆلۈك شېئىرلار قوشۇپ كۆچۈرۈلگەن. بۇ شېئىرلارمۇ ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭمۇ ياكى باشقا شائىرلارنىڭمۇ؟ بۇنى هازىرچە ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى. شۇڭا ئالدى بىلەن بۇ شېئىرلارنى ئالدى بىلەن ئوقۇرمەنلەر هۇزۇرىغا سۇنۇشنى لايىق تاپتىم.

مەن يىراقدىن خەت ئىبەردىم مېھرىبان [يارىم] ساڭا،
مۇنچەمۇ باغرىڭ قاتارمۇ، رەھم قىلمايسەن ماڭا،
ئاي بىلە كۈننى قوشۇپ ئەلچى ئىبەردىم مەن ساڭا،
ئاي ياندى، كۈنمۇ ياندى، بىر سۆزۈڭ يوقمۇ ماڭا،
بۇ مېنىڭ يىغلاغانىمنى كىم بارىپ ئايتۇر ساڭا.

※ ※

نې خەتالىق مەندىن ئۆتتى، ئەي نىگار،
سەندىن ئاجراتتى مېنى فەرۋەردىگار،
روز-شەب يىغلاپ يۈرۈرمەن زار-زار،
دادى بىرلە نالە ئەيلەپ بىقەرار،
كىمنى كۆرسەم ئاھ دەپ بىئىختىيار.

ئول كۈنى كىم، يولغە چىقتىم خۇبلاشىپ،
ئۆيگە كەلدىم دەشت-سەھرالار ئاشىپ،
بارچە ئالەم خەلقى كەلدى جۇغلاشىپ،
يىغلاسام هالىمغە ئول هەم يىغلاشىپ،
ئول ئەمەس گويا كۆزۈمگە تىيرى غار.

بۇ رەفىقىم هەر قايان بارسام غەرىپ،
يەرگە باغرىمنى ياقىپ يىغلاپ هارىپ،
گاهى بارغان يەرلەرىمگە هەم بارىپ،
يىغلاماقدىن ئۆزگە ئىش يوق سارغارىپ،
ئەمدى بۇ ئالەم كۆزۈمگە تەڭۇ تار.

ئىشق ئارا ئۆلمەككە يەتتى هالەتىم،
كۆيدى ئەقلۇ هۇشۇ سەبرۇ تاقەتىم،
بولدى كۈن-كۈندىن زىيادە فۇرقەتىم،
سەندىن ئۆزگە هېچ كىشىم يوق، مەن يەتىم،
قىل يەتىمگە رەھم، ئەي كۆزى خۇمار.

ئول كەرىمۇ كارسازنىڭ ھۆرمەتى،
سەرۋى ئالەمۇ جەھاننىڭ ھۆرمەتى،
ئەنبىيالار، ئەۋلىيالار ھۆرمەتى،
چەھاريارلار، پاكبازلار ھۆرمەتى،
مەن غەرىبنى قىلماغايسەن مۇنچە خار.

رەھم ئېتىپ ھالىمغە بىر ئىش يوللاساڭ،
ساڭا رەھم ئەتكەي باشىمنى ئوڭلاساڭ،
نەچە يالبارغانچە مۇزدەك توڭلاساڭ،
قايدا بارغۇم دەرگاھىڭدىن قوغلاساڭ،
كىمنىڭ ئىشكىدە بولايىن خارۇزار.

كۆزلەرىمدىن قان بولۇپ ئاقتى ياشىم،
ئەمدى تاشدەك قاتتى بىر قاتقان باشىم،
ئەرزى ھالىم ئايغالى يوق ھېچ كىشىم،
سەندىن ئۆزگەلەر بىلە يوقتۇر ئىشىم،
بارچە ئەھۋالىم خۇداغە ئاشكار.

يار باقماس بولسە مەن ئۆلمەي نېتەي،
ئاقىبەت مەنزىل ئۇشۇل ئاندا كېتەي،
ئۇشبۇ دەردىم بىرلە مەنزىلگە يېتەي،
روزى مەھشەردە خۇداغە داد ئېتەي،
شاھى ئادىلدۇر ئېگەم شايەد سورار.

دوستلار، ئۆلسەم يارىمنىڭ داغىدا،
دەفنە ئەيلەڭ يولىنىڭ تۇفراغىدا،
دەفسەسۇن قەبرىمدىن ئۆتكەن چاغىدا،
ئەمدى قورۇلدۇم ئۆزەمنىڭ ياغىدا،
ئەيب ئېمەسدۇر ئىشق ھەجرى بولسە خار.

مەقسۇدۇم شاد ئولغۇسى رۇھۇم قۇشى،
تۇرفە مۇشكىلدۇر بۇ ئاشىقلىق ئىشى،
مەن ئۆزۇم ئۆزۇمگە زۇلم ئەتكەن كىشى،
سالدى بۇ كويغە فەلەكىنىڭ گەردىشى،
ئىشقى ھەجرىڭدە قىلۇرمەن جان گۇزار.

بولمادى كۆڭلۇم مېنىڭ جانان بىلە،
ۋەسل بولماي كەتسە جانۇ جان بىلە،
كەتكۇسى ھەسرەتلەرۇ ئارمان بىلە،
روزى مەھشەردە قوپار ئەفغان بىلە،
ھەم قىساسۇ ئالغۇسى فەرمان بىلە،
قىل ھەزەر بىر كۇن مېنىڭ ئاھىم تۇتار.

ئەي مۇسۇلمانلار، يارىمغە يالبارىڭ،
مەن يەتمىنىڭ بوينىدىن باغلاپ بارىڭ،
زەخمىلىغ كۆكسۇمنى رەھم ئەيلەپ يارىڭ،
بىر يولى كۆڭلۇمنى غەمدىن قۇتغارىڭ،
ئۆزى قەسد ئەتكۇسىدۇر نابكار.

ئول قۇتۇلسۇن نالە-زارىمدىن مېنىڭ،
مەن قۇتۇلغۇم جانۇ زارىمدىن مېنىڭ،
بىر خەبەر يەتكۇرسە يارىمدىن مېنىڭ،
........
ئاڭلايىن ئاندىن قىلايىن جان نىسار.

تۇغماغاي ئېردى ئانام ھەم كاشكى،
كەلمەسەم ئېردى بۇ يەرگە كاشكى،
يا سەنى مەن كۆرمەس ئېردىم كاشكى،
كۆرمەسەم ئېردى جەمالىڭ كاشكى،
تارتماغاي ئېردىم بۇ ياڭلىغ ئىنتىزار.

ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ يۇرۇپ ئۆتكەن كۇنۇم،
نەچە قىچقىرسام ساڭا يەتمەس ئۇنۇم،
ھەم قاراڭغۇ ھەم ئۇزاقدۇر ھەم تۇنۇم،
يىغلاماقدىن ئۆزگە چىقماس ھېچ ئۇنۇم،
ئىككى يۇزلۇك تاش بېغىرلىغ بىۋەفار.

دەردى بۇ باغرىمنى بىريان ئەيلەدى،
كۆزلەرىمنى ھەجرى گىريان ئەيلەدى،
ئەمدى فۇرقەت تۇرفە ھەيران ئەيلەدى،
كۆڭلى ھەيران، خانە ۋەيران ئەيلەدى،
نالە قىلماقلىق ئىشىم لەيلۇ نەھار.

ئەي خېنىم، قاشىمدا بىر دەم ئولتۇرۇڭ،
ئەرزىم ئايتاي ھالىم، ئاندىن ئۆلتۈرۈڭ،
ئۆلتۈرۈپ جىسمىمنى ئوتقە كۆيدۈرۈڭ،
كۆيدۈرۈپ كۈلۈمنى كۆككە ساۋۇرۇڭ،
ئاندىن ئەيلەي خانىمىم تارمار.

چۆلدە توشقاندەك ياتارمەن جۇلغاشىپ،
كۆلدە ئۆردەكدەك چۆمەرمەن بۇلغاشىپ،
ئوتقە توشكەن قىل مەسەللىك تولغاشىپ،
نالىشىمدىن ئۆيقۇلۇغ ھەم ئويغانىپ،
جوي قىلدىم قان ياشىمدىن لالەزار.

نې قارا كۈن توشتى باشىمغە مېنىڭ،
تەگدى بولغاي كۆز قاياشىمغە مېنىڭ،
ئاڭلاسە نې كەلدى باشىمغە مېنىڭ،
نې بولۇر بىر كەلسە قاشىمغە مېنىڭ،
بىۋەفا يارىمنى قىلسە ئاشكار.

يارنىڭ فەرۋايى يوق قان يىغلاسام،
غەم يېمەس ھەرگىز بارىپ جان يىغلاسام،
يارنىڭ ئالدىدا چەندان يىغلاسام،
كۆزنى كور ئەيلەپ فەراۋان يىغلاسام،
مەن ئاڭا يارۇ ئانىڭ ھەم يارى بار.

گۈل يۈزۈڭنى كۆرمەدىم گۈلباغ ئارا،
مەن ئانىڭ قەدرىنى بىلگەن چاغ ئارا،
چەرخى كەجرەفتار قويدى داغ ئارا،
يارنىڭ ۋەسلىدە ئېردىم تاغ ئارا،
بۇ قارا كۈنلەرگە سالغان روزگار.

تاشقە ئۇرسام باشىمنى دەم بەدەم،
غەم مېنىڭ يارىمغە يوقتۇر زەررە غەم،
ئەللاھ، ئەللاھ، بۇ نېچۈك زۇلمۇ ستەم،
يوقنى بارۇ بارنى يوق قىلغان ئېگەم،
ھەرنە قىلساڭ قۇدرەتىڭ قىلماغى بار.

ئەي، مېنى سەرگەشتە زار ئەتكەن كۆڭۈل،
تەلبە ئەيلەپ تەلبە سۆزلەتكەن كۆڭۈل،
يارنىڭ مىيھادىغە يەتكەن كۆڭۈل،
ئەي، مېنى تاشلاپ ئۆزى كەتكەن كۆڭۈل،
قوي مېنى، ئەي جان، سەن ھەم ئاندا بار.

يارىمىزغە يىغلاپ ئايتقىل بەندەلىك،
يارى بولسۇن شاد-خۇررەم خەندەلىك،
رەھىم ئېتىپ بەرسۇن ماڭا بىر جەندەلىك،
ھەق تەئالاغە قىلايىن بەندەلىك،
بەندەدۇرمەن بەندەدە نې ئىختىيار.

جەندەسىز دۇرمەن قەلەندەردەككىنە،
ئۆرتەنۇر جانىم سەمەندەردەككىنە،
يىغلاسام كۆڭلۈمدە كەفتەردەككىنە،
جۆرەسىدىن ئاجراغان نەردەككىنە،
كۆزلەرىمنىڭ ياشى چۈن ئەبرى بەھار.

ماھ يۈزلۈك غۇنچەئى شورىش ئىدىم،
تەلبە بولدۇم، تەلبە ھەم ئەرمەس ئىدىم،
ھەجرى ئاجىز قىلدى بىر نەرگەس ئىدىم،
ئاھكىم، دەۋرىقە تۈشكەن خەس ئىدىم،
ئاتەشىدە خەسكىم ئۇل قايداغ چىدار.

بىۋەفا يارنىڭ ئوتى مۇشكىل ئىكەن،
ھەر نەفەس ئىشق ئەھلىگە مىڭ يىل ئىكەن،
ئاشىق شام ئىچرە بىيدار ئىكەن،
ھەر بەلاغە سالغۇچى كۆز، تىل ئىكەن،
گاھى ھۇشى يوق ئىكەندۇك گاھى بار.

ئەي، مېنىڭ نازۇك نىھالىم قايدە سىز،
بىۋەفا، بىرەھم زالىم قايدە سىز،
ئاشىقىغە رەھمى يوق خۇنخارە سىز،
رەھمىڭىز يوق يا مەگەر كۇففارە سىز،
سىزچە ئېرمەس بىۋەفا ئەھلى كۇفار.

ھەر گۇناھىيكى قىلىپمەن، قىلمادىم،
تەۋبە ئاق، تەۋبە ياشىل، مەن بىلمەدىم،
سەندىن ئۆزگەنى كۆزۈمگە ئىلمادىم،
مەن يۈرەك باغرىمنى غەمدىن تىلمادىم،
بولماشىم، ئەلھەمدۇ لىللاھ، گۇل ئۇزار.

زەئىف ئىكەندۇك ئىشق ئوتىنىڭ شىددەتى،
مۇشكىل ئېركەن بىۋەفانىڭ فۇرقەتى،
يۇزدە نۇرۇم يوق، تىزىمنىڭ قۇۋۋەتى،
ئەنبىيالار، ئەۋلىيالار ھۇرمەتى،
رەھم قىل مەن خەستەگە، ئەي بىۋەفار.

پەستلەرنى ھەم بەلەند ئەتكەن خۇدا،
خارلارنى ئەرجۇمەند ئەتكەن خۇدا،
مەئشۇقۇم زۇلفىن كەمەند ئەتكەن خۇدا،
ھەم ئاڭا كۆڭلۇمنى بەند ئەتكەن خۇدا،
قۇل قىلىپ بەرگىل ئاڭا، ئەي شەھريار.

بۇ ئەجايىب، بۇ نە كۇندۇر، بۇ نە ھال،
تولۇن ئايدەك يۇزدە باردۇر ئىككى خال،
ئەي ئەجەل، قىلدىم سەجىل جانىمنى ئال،
ھەر ئوتىكىم، مەندەدۇر يارىمغە سال،
قىل يارىمنى مەندىن ئارتۇق دىلفىگار.

گۇل ئىدى يارىم، فەقىر بۇلبۇل ئىدىم،
ئەمدى فىشتىم ئەۋۋەلا دۇمبۇل ئىدىم،
يارنىڭ شىرىن سۆزىگە قۇل ئىدىم،
يار ئايتۇر: سەن تىكەن، مەن گۇل ئىدىم،
ھەمنىشىن بولسام سېنىڭدەك گۇلغە خار.

يار تاشلاپ ئاتسە مەن ئۆلمەي نېتەي،
باش ئالىپ چۆللەر سەرى يىغلاپ كېتەي،
ئەي خېنىم، ئىشقىڭدا مەن ئۆلمەي نېتەي،
ئاھ خۇدايىم، ھەزرەتىڭگە داد ئېتەي،
يەتكەسەن ھالىمغە، ئەي فەرۋەردىگار.

قاننى كىم يۇپدۇر جەھاندا قان بىلە،
بىز غەرىبنى ئۆلتۈرۈپ ئاتقان بىلە،
خوب بولۇرمۇ مېنى يىغلاتقان بىلە،
مەلەكۇل-مەۋت جان ئالغۇچى فەرمان بىلە،
قىل ھەزەر بىر كۇن مېنىڭ ئاھىم تۇتار.

قايسى تىل بىرلە قىلاي ئەرزىم بەيان،
بارچە ئەھۋالىم ئېرۇر سىزگە ئەيان،
ئەي يارانلار،ئەمدى مەن بارغۇم قايان،
ئىشقىڭىزدا باش ئالىپ كەتسەم قايان،
ھەر ئىكىمىزنى ياراتقان تەڭرى بار.

ئەي مۇسۇلمانلار، مېنىڭ يارىم قانى؟
ھەم ۋەفادارۇ جەفاكارىم قانى؟
قەدىردانۇ مېھرىبان يارىم قانى؟
غۇنچە بويلۇغ لالە رۇخسارىم قانى؟
ئىشقىڭىزدا نەزم ئوقۇپ چالدىم سېتار.

※ ※ ※

ئەي نەزاكەت بوستانىنىڭ نەۋ نىھالى ۋە ئىرەم باغىنىڭ بەدىئۇل-جەمالى؛ ساھىبى جەمال ۋە ھۆسىن ئىقلىمىنىڭ تاجدارى؛ لەتافەت راھىنىڭ شەھسۇۋارى؛ ۋاي بىھىشت گۈلزارىنىڭ رەئنا تەزەرۋى، ئول پەرىۋەشغە بۇ ئىشق ئوتىدا كەباب بولغان ۋە قەھرى ئوت مۇھىتىدا خەراب بولغان ۋە فۇرقەت ئالەمىدە دىۋانە بولغان، جۇدالىق ئۇقۇبەتىدىن ۋەيران بولغان غەرىب، خەستە ۋە ھەقىر، دىلشىكەستەدىن زەبانى ھەزار، سەد ھەزار، كۆھى بىھەد سەلام ئەداسىدىن سوڭرە ئولكى:
شەنبە كۈنى مەن ئۇچرادىم ئول قاشى قاراغە،
ئول قاشى قارا كىرفىك ئوقى جەۋرى جەفاغە.

يەكشەنبە كۈنى ئەرتە بىلەن چىقسام ئىشىككە،
ئاي يۈزىنى كۆرسەتىبان قويدى بەلاغە.

دۈشەنبە كۈنى ئاي يۈزىنىڭ شەۋقىنى كۆرگەچ،
تولدى جىگەرىم خۇن بىلەن قالدى بەلاغە.

سەيشەنبە كۈنى قويمادى ئەغيار رەقىبلەر،
جانىمنى قىدا قىلغالى ئول تاجى نىھانغە.

چەھارشەنبە كۈنى كەلدى خەبەر بادى سەبادىن،
ئول ماھ پەرى مەنزىلىدىن چىقتى جەھانغە.

پەنجشەنبە كۈنى ساچى بىلەن باغلادى قول ـ فۇت،
يار كۆيۈكى مەن غەرىبنى قويدى ئەلەمغە.

ئازىنە كۈنى ھەفتە بولۇپ ئالسە جانىمنى،
شۈكرانەسىگە ھەمدۇ-سەنا ئايتتى ئەھەدغە.

※ ※ ※

ھۆر ياڭلىغ، سۆزى تاتلىغ مىھرىبانىمغە سەلام،
سەرۋ ياڭلىغ، بويى چاغلىغ زۇلفى تاسىمغە سەلام.

يۈز جەفاۋۇ جەۋر ئېتىپ خۇش مىھرىبانلىغ قىلماغان،
مىھرىبانلىغ قىلماغان نا مىھرىبانىمغە سەلام.

خۇش قىلىق بىرلە يۈرەك باغرىم ئاراسىن چاك ئېتىپ،
خەستە كۆڭلۈم دىل ھۆزۈرى ئارامى جانىمغە سەلام.

يول يىراقدىن چارە تاپماي ھېچ ئىلاجىم يوق مېنىڭ،
چارە تاپسام بارغاي ئېردىم شەھسەۋارىمغە سەلام.

مەست بولدۇم ئاي يۈزۈڭگە قالمادى ھالىم مېنىڭ،
ئاي يۈزى مەستانە ئول كۆزى خۇمارىمغە سەلام.

ھەر كۈنى مىڭ ئاھ ئۇرادۇرمەن ۋىسالىڭنى تىلەپ،
تىشلارى يۈنچىيۇ گەۋھەر دىلئارامىمغە سەلام.

ئەي ئافەتى جانۇ جانان ۋە ئەي سەيقەلى زەمان، مەن ھەزرەتىڭگە ئاشىقى بىقەرار بولۇپ، بىزدەك خاكسار ئاشىقنىڭ ھالىغە رەھىم قىلۇرمىكىن دەپ خۇن ـ جىگەرىم بىلەن ئەرزۇ ھالىمنى بەيان قىلىپ، رۇقئە ئىرسال قىلىندى:

ساقىا، ئەي مېھر رويۇم، ئوشۇلدەم ئاشنا بولدۇم،
بولۇپ بىگانە ئالەمدىن بارى ئەلدىن جۇدا بولدۇم.

قەدىڭ بىر دەستەئى گۈلدەك، يۈزۈڭ گويا تولۇن ئايدەك،
كى، مەن ئىشقىڭدا بۇلبۇلدەك ئەجايىب بىنەۋا بولدۇم.

يولۇڭدا بولمىشەم قۇربان فىدا ئەيلەپ ساقىا يۈز جان،
بولۇپ مەجنۇن كەبى ھەيران بۇ ياڭلىغ مۇبتەلا بولدۇم.

مېنىڭكى سەنسەن دىلخاھىم، ساقىا يەتمەس مېنىڭ ئاھىم،
قىيا باقغىل، ئايا شاھىم، ئەجەب بەختى قارا بولدۇم.

※ ※ ※

دەرىغا، ئايرىلىپ مەن ئول شەھى نامېھربانىمدىن،
ئەگەر ئايرىلسام ئېردى، كاشكى، بۇ تەندە جانىمدىن.

كى سەندىن ئايرىلىپ مەن ھەر زەمان، ھەر لەھزە يىغلارمەن،
بۇ ئالەم غەرق بولغاندۇر مېنىڭ ئاھۇ فىغانىمدىن.

باشىمغا تا ئاياغىمدىن تۇتاشىپدۇر فىراق ئوتى،
چىقار ھەر سارىغا، جانا، تۈتۈن بۇ ئۆستىخانىمدىن.

ئەجەبدۇر ئاھۇ ئەفغانىم ساڭا تەئسىر قىلمايدۇر،
بۇلۇتلار يىغلاشۇر كۆكدە مېنىڭ ئاھۇ فىغانىمدىن.

ئۈمىدىم بار ئىدى سەن ياردىن بىر نامە كەلگەي دەپ،
دەرىغا، كەلمەدى ھېچ نامە ئول سەرۋى رەۋانىمدىن.

※ ※

ياتارمەن تەلمۈرۈپ ھەسرەت بىلە يول ئۆزە يار ئۆتكەچ،
خەزان يەفراغىدەككىمە، ساغارىپ فەسلى بەھار ئۆتكەچ.

قەرار ئەتتى جەمالىم كۆرسىتەي، ئەيلەي كۆزۈڭ رەۋشەن،
ياقامنى سۆبھەدەك چاك ئەيلەدىم ۋەقتى قەرار ئۆتكەچ.

يۈرەكلەر سۇ بولۇپ ئاقتى، چەفاقىغا كۆزلەرىم قات - قات،
كىلۇر دەپ تەلمۈرۈپ يولۇڭغا ھەددىن ئىنتىزار ئۆتكەچ.

※ ※

نە كۈن بولغاي كىلۇر كۆرگەيمەن ئول ئارامى جانىمنى،
فىدا ئەيلەي ئانى كۆرگەن زەمان ئىككى جەھانىمنى.

نە ئاندىن ياخشىراق بولغاي مەنى بىدىلغا ھەر سائەت،
لەتافەت باغىدا كۆرسەم سەلامەت دىلسىتانىمنى.

قويۇپ باشىمنى يەرگە تەڭرىگە يۈز قاتلا شۈكر ئايتاي،
ئەگەر كۆرسەم يەنە ئول شوخ شىرىن نۇكتە دانىمنى.

※ ※

دوستۇم، بۇ نامە بىرلەن سىزگە قارلىق تاشلادىم،
بۇ كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلادىم.

تۇتسىلەر فەھم ئەيلەبان ئادەمنى بۇ نامەم بىلە،
چىنە ـ چاجۇش بىر شىرەدە قەند ـ كېزەكنى راستلادىم.
ئۆزلەرىنىڭ تەبئ خاھىش ئەيلەگەن مېھمانلانى،
بىر كېچە دىيدار كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇشنى خۇشلادىم.
ئادەمىمنى تۇتسىلەر سۇرتۇپ يۈزىگە ئۇفەنى،
مەڭزىگە ئەڭلىك، قاشىغە ئوسمە قويۇشنى خۇشلادىم.
بەئدەزان قىلماق تەرەددۇد ئۆزلەرىگە دەر مەھال،
خاھىشىمچە ھەم فەقىر بىر نەچچە مېھمان باشلادىم.
دەر مەھەل قىلماي تەرەددۇد نەچچە كۈن بولسە ھەيال،
گۇشە ياڭلىغ نامەنى چەھارسۇ تامىغە چافلادىم.
بەرمەيىن مەشرەبنى ئۆيگە سۇلاقىپ ئولتۇرسەلەر،
يەتتە موللا، بەش قەلەندەر، بىر جىنازە راستلادىم.
قازى، ئەئلەم، مۇفتى باشلىغ ئەللىك ـ ئاتمىش موللانى،
سەلەۋات ئايتىپ شول گورۇستانلىق تەرەفكە باشلادىم.
تاش لەھەدنى بىر تېرەك بويى بەرابەر قازدۇرۇپ،
ئىچ لەھەدكە دەفن ئېتىپ، سۇرە «تەبارەك» باشلادىم.

※ ※ ※

دۇئايى بىئەدەد خاجەم نەزەر مۇفتىغە ئەلبەتتە،
تەھىيياتۇ سەلامى ئانچۇنان ئاھۇ نەدامەتدە،
ۋۇسۇل ئولغاي دۇئا بىرلە سەلامىم ياخشى سائەتدە،
سەنى ياد ئەيلەگۇم ھەركۈن سەھەر ۋەقتىدە تائەتدە،
كى، سەندىن ئۆزگە يارىم يوق ئىدى ئاقسۇ ۋىلايەتدە.

ساڭا مەن نامە يازدىم نامۇناسىپ نۇتفەدىن، ئەي يار،
بىھەمدىللاھ، تىرىكلىكدىن نىشانە ئەيلەدىم ئىزھار،
سەلامەت مۇندا خوب، ئەلھەمدۇلىللاھ، بىز ئەمەس بىمار،
تېنىڭ ساقمۇ بۇكۇنلەردە سېنىڭ ئەمما نە ھالىڭ بار،
مۇشەققەتلىكمۇ سەن، يا ئۆتتىمۇ ئۇمرۇڭ فەراغەتتە.

قارىلىق ھالىدىن سورسام ئاقارمىشمۇ قارا باشىڭ،
سېنىڭ ھالا بۇ كۇنلەردە يېتىشتى نەچچەگە ياشىڭ،

ئەيال ـ ئۇششاقلارنىڭ ساقمۇ يەنە تۇغقان، قارىنداشىڭ،
سىڭەمدۇر ئىشتىها ۋەقتىدە ھەر قايداغ يېگىن ئاشىڭ،
ئۇزۇڭ ئۇبدان، چىرايىڭ تازەمۇ ھۆسنۇ مەلاھەتتە.

ئىشتكىل، ئەي رەفىقا، سۆزنى ئەھمەدشا قارا قاشدىن،
بۇ سۆزلەرنى بەيان ئەيلەي ساڭا ئەمدى يېڭى باشدىن،
ئەقىدەم بار ئىدى سىزگە يېقىن تۇغقان، قارىنداشدىن،
نېتەي، كۆڭلۈڭ ماڭا قاتتىغ ئىكەن گويا قارا تاشدىن،
بولۇپسەن بەندەگانىم، سەن ماڭا ئېينى زەرۇرەتدە.

سېنى مەن دوستۇ يارىم دەپ كۆڭۈلدە ئىئتىقاد ئەتكەچ،
سىفاتىڭنى قىلىپ دايىم خوتەن ئەھلىگە ياد ئەتكەچ،
مۇھەببەت رىشتەسىدىن ھەر زەمان كۆڭلۈمنى شاد ئەتكەچ،
ئېبەرىپ سىزگە ئەللىك تەڭگەنى مەن ئىئتىماد ئەتكەچ،
كى ياخشى ئات ئالىپ بەرگەي دېبان ئۇشبۇ خەيالەتدە.

فۇلۇمنى توختاتىپ بىر يىل ئېبەرىپسىز ماڭا بىر ئات،
ئىشەكچە يوقتۇر رەفتارى ئانىڭكى ھەرنە فېئلى يات،
كى قالدى يولدا توختاپ قامچى بىرلە ئۇرماسام فات ـ فات،
كولا، ئاغرامچىنى ئۇزدى قوزۇقلاپ باغلاسام ئۇن قات،
ئۇلاپ ئاغرامچىنى ھەر كۈنلۈكى قالدىم ھەلاكەتدە.

بۇ ئاتنىڭ ئەيبىنى ئەمدى بەيان مەن ئەيلەدىم ئەڭقا،
قىڭا قۇيرۇق، سىڭا سۆڭگەچ، فۇتى مايماق، بويى لاڭقا،
بىرى تەفكەك، بىرى مۆڭگەك، يەنە ئەيب ئۈستىگە ماڭقا،
سامانىنى ئۈچ كۆشۈك يەپ، ھەر قەدەمدە بىر تۇرۇپ ساڭقا،
بۇ سۇرەتلىك يەنە بىر ئات تۇغۇلماس ھېچ ۋىلايەتدە.

ئارىقنى كۆرسە ياندى ئارقاسىغە، ئۆتمەدى ئاتلاپ،
كىرىپ يولغە ئەگەر بىر قاتراپ ئالسە ھارمادى قاتراپ،
گەھى بوينىغە تۇشتۇم قاتراغاننىڭ زەربىدىن ساچراپ،
ئېچىم سانجىقغە تولدى ھەر قابۇرغەم بەندىدىن ئاجراپ،
ساقايدىم ھەر قېتىم فافى يالاب، مەئجۇنى شەربەتدە.

تۇشۇپدۇر ئاسماندىن ئۇن تولۇمدە لاف بىلە يالغان،
بىرىسى ئالەم ئەھلىغە، دولانغە توققۇزى قالغان،
سەھىھ يالغان ئەمەسمۇ ئاتنى ئوتتۇز تەڭگەگە ئالغان،
كىكىردەككە يىگىرمە تەڭگەنى تەھقىقمىكى سالغان،
ئالىپدۇر يا يىگىرمە تەڭگەگە يا بولسە ئۇن يەتتە.

ئەگەر ھەرقانچە قىممەت بولسە ئوتتۇز تەڭگە مىيئادى،
بولالماي يولغە ھەم ئاش ۋەقتىلىق يەرگە بارىپ ھاردى،
كېيىن قالدى ئىشەكتىن، ناگەھان ئۇي بىرلە تەڭ باردى،
ساۋۇتتۇق ئىككى ـ ئۈچ نەۋبەتچە ئاخىر كۆكسىنى ياردى،
ئۇرۇندى ھەم سۇلۇپ قالدى ھەلى ئابدال ئىنايەتدە.

كى ئاندىن ئىككى ئاي باقتىم فىچانغە روز ـ شەب باغلاپ،
بوغۇز بەردىم ھەمىشە قايناتىپ، ئاتنى يېدى چاغلاپ،
سىلاپ كۇنجۇت ياغىدا جىسمىنى ھەر كۇنلۇكى ياغلاپ،
بىدىكلەر ئورلاشىپ يالغاننى ئايتىپ ئانچۇنان داغلاپ،
قىلىپ شۇنداغكى، ئوتتۇز تەڭگەگە تەرس ئالدى مۇھلەتدە.


مىنىپ چىقسام ئالىپ ئۇردى، يىقىلدىم نەچچە كۇن ياتتىم،
تۇتۇپ باغلاي دېسەم سۆدرەپ ئاران ھارغاندا توختاتتىم،
قۇيۇپ بەرسەم بۇزۇپ باغنى ھەمىشە ئەلنى يىغلاتتىم،
تىگىشتىم ئۇي بىلە بەش ـ ئالتە نەۋبەت، ئۇن قېتىم ساتتىم،
قىلىپ دەئۋا ماڭا ھەر كۇنلۇكى ياندى شەرىيئەتدە.

ماڭا بۇ ئات ئۇچۇن دايىم ئۇيۇمدە (كۆپ) مەلامەتدۇر،
يەقىن (بولغاچ) قىيامەت بىدىيانەتلىك ئەلامەتدۇر،
يېمەك بىر ئاتدە ئوتتۇز تەڭگەنى قايداغ دىيانەتدۇر،
مەنىڭ قالغان فۇلۇم بىر نەچچە كۇن سىزدە ئەمانەتدۇر،
بېرۇرسىز فۇلنى تەڭلىك ۋەقتىدە تاڭلا قىيامەتدە.

※ ※ ※

يارەب، سەبەبى ھەياتى ھەيۋان بەرگىل،
ئاز ـ تولا كەرەم، نىئمەتى ئەلۋان بەرگىل.

لەبى تەشنە بولغان گۆدەكلەرغە،
(ئىچمەكلىك ئۈچۈن) كۆپ سۈتى باران بەرگىل.
كىمەرسەگە مېھر ئىلە خەندەئى رەھمەت،
كەچ بولسە ياغىن، كۈندۈزى تەفسان بەرگىل.
پەست ئىلە بەلەند، تاغ ئىلە سەھرالاردە،
مەخلۇق گەھى ئام، فەراۋان بەرگىل.
يىغلار ئانامىزنى، بالانى كۈلدۈرۈپ،
گۈللارنى ئاچىپ گىريەئى نەيسان بەرگىل.



(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

ئابدۇلۋاھىد قازى ھاجى

# كاشغەر

(مۇخەممەس)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: غازى ئەھمەد

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** تارىخشۇناس، شائىر ئابدۇلۋاھىد قازى ھاجى 1835 ـ يىلى قەشقەر كونا شەھەردە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپ ساجىيە مەدرىسىسىدە، كېيىن خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللارغا پۇختا مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ئىدى. ئۇ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن بولغاچقا دەسلەپتە خوجىدار جامەسىگە ئىمام، خەتىب، كېيىن قورغان يېزىسىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر كونا شەھەرگە قازى بولغان. 1902 ـ يىلىدىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتە خوجىدار جامەسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ئابدۇلۋاھىد قازى ھاجى ئۆزى ئىقتىساد چىقىرىپ بۇ جامەنى قايتا ياساتقان. جامەنىڭ تامچىلىق، گەجخالىق ئىشلىرىنى مۇللا ئىسلام دېگەن كىشى ئۈستىگە ئېلىپ پۈتكۈزگەن. ئابدۇلۋاھىد قازى ھاجى بۇ كىشىدىن ناھايىتى رازى بولۇپ جامەنىڭ تاشقىرىقى خانىقاسىدىكى مېھرابنىڭ ئۈستىدىكى پارامانغا ئۆز قولى بىلەن تەئلىق نۇسخىسىدا: «ئەمەلى موللا ئىسلام چاھار باغى، ئۇنىڭ ئۇستازى ۋەلى قوچقارىي» دەپ بىر بېيىت شېئىر يېزىپ، موللا ئىسلام ئۇستىنىڭ ئىسمى ۋە يۇرتىنى ھەم ئۇنىڭ ئۇستازىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلغان. ئابدۇلۋاھىد قازى ھاجىمنىڭ مۆھرىگە: «ئىسمىم ئابدۇلۋاھىد، ۋەزىپەم قازى، خىسلىتىم پارا ئالماسلىق» دېگەن سۆزلەر ئويۇلغانىكەن.

1958 ـ يىلى ئايالىم قۇشكېزەك ئوغۇل تۇغقاندا دادام ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ ھاياجىنىنى باسالماي «مۇبارەك» دېگەن سۆزنى تېما ھەم رادىف قىلىپ بىر غەزەل يېزىپ، بىزنى مۇبارەكلەپ ئەۋەتكەنىدى. بۇ غەزەلنى ئەينى چاغدا شائىر دوستلىرىمغا كۆرسەتسەم، ئۇلار: « دادىڭىز خېلى يېتىلگەن شائىر ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ شېئىرلىرى بولسا كېرەك، ئەگەر بار بولسا توپلاپ ئېلان قىلدۇرساق بولغۇدەك.» دېيىشكەنىدى. مەن دادامدىن: «ئۆزلىرى شائىر ئىكەنلا، بۇنىڭدىن باشقا يانا يازغان شېئىرلىرى بارمۇ؟» دەپ سورىغانىدىم. دادام: «مەن شائىر ئەمەس، بالام. مەدرىسىدە ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا بىزگە شېئىرىيەتتىن دەرس ئۆتۈلەتتى نەۋائىي، ھۇۋەيدا، مەشرەب قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلايتتۇق. ھەمدە شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلاتتۇق. بىر ـ بىرىمىزگە شېئىر بىلەن ھەزىل چاقچاق قىلاتتۇق. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەتكەن ساۋاقداشلار بىلەن شېئىرىي سالام خەتلەرنى يېزىشىپ ئالاقە قىلاتتۇق.» دېگەنىدى. دادام يەنە ماڭا: «رەھمەتلىك دادام خېلى يېتىلگەن شائىر ئىدى.» دېگەن سۆزنى ئېغىزىغا ئالغانىدى. ئەپسۇسكى، مەن شۇ چاغدا: «ئۆزلىرىدە بوۋىمىز يازغان شېئىرلار بارمۇ؟» دېگەن سوئالنى سورىمىغان ئىكەنمەن.

خەيرىيەت، 2005 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئاتۇش (1)» ناملىق كىتابنىڭ 156 ـ بېتىدە تارىخشۇناس ئابدۇرەھىم ھاشىم مەشھەدىي ئەپەندى: «مەشھۇر رەسسام غازى

ئەھمەدىنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلۋاھىد' قازى ھاجىم ‹تەزكىرەئى قۇتبىل - ئالەم خوجام ئەھۋالى، كەيپىياتى ۋە كەشفۇ كارامەتلىرىنىڭ بايانى، ناملىق تەزكىرىنى يازغان. شۇ تەزكىرىدە قەشقەرنى مەدھىيىلەپ يازغان تۆۋەندىكى توقىقۇز كۇبلېت مۇخەممەس بار.» دەپ «كاشغەر» ناملىق بۇ مۇخەممەسنى تونۇشتۇردى. ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدىي بۇ مۇخەممەسنى: «ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن كاشغەر رايونىنىڭ تىنچلىنىش دەۋرىدە يېزىلغان، بۇ مۇخەممەسكە شائىرنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرلىك روھى سىڭگەن. كاشغەرنىڭ گۈزەل، باي، خاتىرجەم ماكان ئىكەنلىكى، ئاسىيا ۋە باشقا قىتئەلەردىكى كىشىلەرنىڭ كاشغەرنى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكلىكى، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ كاشغەرنى بېسىۋېلىش يامان غەرىزى بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ مەغلۇب بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن.» دەپ ئىزاھلىدى.

بۇ يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھاياتىمدىكى ئۈچمەس سۈرەتلەر» ناملىق كىتابىمدا نەسەبىم ھەققىدە توختىلىپ بوۋام ئابدۇلۋاھىد قازى ئاخۇنۇم توغرۇلۇق قىسقىچە مەلۇمات بەرگەنىدىم. شۇنداقلا دادامنىڭ ئۇلۇغ بوۋىمىز ئېلىجان ھاجىمنىڭ تەخمىنەن مىلادىيە 1710 - يىللىرى ئەتراپىدا ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ھىرات شەھىرىدىن قەشقەر شەھىرىگە كۆچۈپ ئورۇنلاشقانلىقى، «سەييىد ئەۋلادى» ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېيتقان چۈشەندۈرۈشلىرىنى يازغانىدىم. بۇ يەردە مەن شۇنى تولۇقلاپ قويماقچىمەنكى، ھىرات شەھىرى جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن قەشقەرگە يېقىن شەھەر، ھۈسەين بايقارا شاھ بولۇپ ئەلىشىر نەۋائىي ئۇنىڭغا ئەقىلدار بولۇپ تۇرغان ھىرات شەھىرىدە تارىختىن بېرى ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئىچىدە «ئۇيغۇر چەرگەلىك باخشىلار» ۋە «ئۇيغۇرىي سىفاتلىق باخشىلار»نىڭ بار ئىكەنلىكى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «ۋەقفىييە» ناملىق ئەسىرىدىن مەلۇم. يەنە مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدىمۇ «ئۇيغۇرانى خۇراسان» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. بۇ «خۇراسان ئۇيغۇرلىرى» دېگەنلىكتۇر. قەشقەر بىلەن ھىرات ئوتتۇرىسىدا تارىختىن بېرى بېرىش - كېلىش ئالاقىلىرىنىڭ قويۇق بولغانلىقى ھەممىگە ئايان. يەنە كېلىپ، دادام ياشىغان دەۋرلەردە دىنىي ئۆلىمالار، قازى - قۇززاتلار ۋە مەشھۇر دىندار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ نەسەبنى ئىلاجى بار تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ زاتلارغا، ھەتتا پەيغەمبەرلەرگە باغلاشنى ياخشى كۆرەتتى، بۇ ئەينى دەۋردە بىر خىل مودا بولۇپ قالغان ئەھۋال ئىدى. شۇڭا، دادام ئېيتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ھىراتتىن كەلگەن»لىكى، «سەييىد ئەۋلادى» ئىكەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتتىن ئەلۋەتتە، نەسەبىمىز ئافغان ياكى ئەرەبلەرگە چېتىشلىق دېگەن مەنا كېلىپ چىقمايدۇ.

بوۋام ئابدۇلۋاھىد قازى ئاخۇنۇمنىڭ شائىر، تارىخشۇناس ۋە پەزىلەتلىك كىشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا دادامدىن ۋە ئەمىر ھۈسەين قازى ئاخۇنۇمدىن ئاڭلىغان بولساممۇ، لېكىن بوۋامنىڭ يازغان ئەسەرلىرى مېنىڭدە يوق ئىدى. تارىخشۇناس ئابدۇرەھىم ھاشىم ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ مۇخەممەسنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئابدۇرەھىم ھاشىم ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن ھەم بوۋامنىڭ ئەسەرلىرىنى بىلىدىغان، ساقلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ مەتبۇئاتلار ئارقىلىق خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

* *

شەرئىگە قىلغىل ئەمەل، ئەي جۈملە كارى كاشغەر،
بادىئى(1) راھى(2) تەرىقەت، جۈملە يارى كاشغەر،
ھامىلى(3) مەغزى ھەقىقەت بىر دىيارى كاشغەر،

مىسكىنۇ يەتىم - يەسىرلەر غەمگۇزارى كاشغەر،
ئىلمۇ ئىرفان، شانۇ شەۋكەتنىڭ مۇنارى كاشغەر.

شۈكرىلىللا، ھەق ياراتتى كاشغەرنى سەربەلەند(4)،
دوستلارغا مەسكەن ئەتتى تەڭرىگە بولغاچ پىسەند،
يەتمىگەي ئافاتى(5) ھادىس شەررىدىن سوزى گەزەند(6)،
شۆھرەت ئەرمىش ئابى رەھمەت جايىدۇر باغى بەلەند،
يۈز ئېرىقتا جايى ئەرمىش ھەر دىيارى كاشغەر.

ئۆزگە ئىقلىملاردا بولسا جەبرى بىدادى زۇلۇم،
ھىندۇۋۇ شامۇ خۇراساندا يۇرۇر بادى سەمۇم(7)،
بەلخۇ تۈركىستان ئارا تاغدىن كېلۇر سەيلى ئەجۇم(8)،
دەفئ(9) ئېتىپ تۈرلۈك بەلاۋۇ فىتنە بىرلە نەھسى يەۋم(10)،
فىلھەقىقەتدە تۇفەيل(11) ئۇلغاچ مەزارى كاشغەر.

ھەق تەئالا بىزگە قىلغاي فەيزى رەھمەت دەممۇدەم،
پەتھى نۇسرەت لۇتۇف ئېتىپ دۇشمەننىنى زىرى قەدەم،
كۇفرى خارىستان باشىن قەتل ئەيلەگەي مىسلى قەلەم،
يەفئەلۇللاھ مايەشائ (12) ھۆكمىنى تۇتۇپ مۇغتەنەم(13)،
مىڭ بەلادىن ساقلاغاي تەڭرى دىيارى كاشغەر.

جەننەت ئەر بولسا، بىمىك (14) بۇ كاشغەر ئاستىندەدۇر،
گەر تۈۋەن بولسا بېھىشت، ئانىڭ بۇ يەر ئۈستىندەدۇر،
ۋەھم ئەيلەپ، يەتتە دەۋزەخ بۇ خەبەر ئۈستىندەدۇر،
تەشنەلىكتىن ئۆزگە ئىقلىملەر خەتەر ئۈستىندەدۇر،
ياغدۇرۇپ رەھمەت سۈيىن ئەبرى بەھارى(15) كاشغەر.

ھەق تەئالا بەندەلەرگە لۇتۇف قىلغان چاغىدا،
نەچچە تۈرلۈك كان ياراتتى كاشغەرنىڭ تاغىدا،
ئەنجۇرۇ پىستە، ئانار، بادام گۈلىستان باغىدا،
مەدرەسە، مەكتەب، مۇدەررىس بىھىسابدۇر، كانىدا
لەئلۇ ياقۇتۇ جەۋاھىر كوھسارى (16) كاشغەر.

ئاررزۇ ئەيلەر كېلىپ، كۆرمەك شەھى ھىندۇستان،
قەيسەرى رۇمىي، شەھى ئىرانۇ مۇلكى ئىسفەھان،
خۇسرەۋى كۆچى فەرەڭۇ (17) شەھرىيارى بۇستان،
بولمادى كۆرمەك بەھەم (18) بۇ جۇملەگە ، ئەي دوستان،
ھەسرەت ئەتكەيلەر، بولالماي تاجدارى كاشغەر.

كەلگەلى ھەسرەت يېگەنلەر، ھالىدۇر ئەسرۇ زەبۇن(19)،
ئەيلەگەي ھاسىدلار خەيلىنى(20) تەڭرىم سەرنىگۇن(21)،
باغرى بىريان، كۆزى گىريان، قەستدۇر تۆكمەكتە خۇن،
بەرمەسۇن مەقسۇدىنى ھەرگىز خۇدايى زۇفۇنۇن(22)،
خاھىشى ھەر كىمگە قىلماق خارۇ زارى كاشغەر.

يا ئىلاھى، تاشلادى ئۆزىن ساڭا بىچارە پىر،
ئاجىزۇ بىچارەلەرگە سەن ئېرۇرسەن دەستىگىر،
بەس، تەۋەككۇل ئەيلەدىم لۇتفىڭغە مەن ئاجىز، فەقىر،
نەفسى شەيتان قەيدىدىن قۇتقار مېنى، قىلما ئەسىر،
رەھم قىلغىل ئەفۇ ئېتىپ جۇملە مەزارى كاشغەر.

## ئىزاھاتلار

(1) بادىئى ــ شامال.
(2) راھى ــ يول.
(3) ھامىلى ــ كۆتۈرگۈچى.
(4) سەربەلەند ــ ئۇستۇن.
(5) ئافاتى ــ ئاپەت.
(6) سوزى گەزەند ــ زەرەرلىك ئوت، كۆيدۈرگۈچى ئوت.
(7) بادى سەمۇم ــ قىزىق شامال، كۆيدۈرگۈچى شامال.
(8) سەيلى ئەجۇم ــ سەل سۇ، كەلكۈن ئاپىتى.
(9) دەفئى ــ ئادا قىلماق، ساقىت قىلماق.
(10) نەھسى يەۋم ــ يامان كۈنلەر، نەس كۈنلەر.
(11) تۇفەيل ــ سەۋەب، سەۋەبچى.
(12) يەفئەلۇللاھۇ مايەشائ ــ خۇدا خالىغىنىنى قىلىدۇ.
(13) مۇغتەنەم ــ غەنىمەت بىلىش، قەدىرلەش.
(14) بىيمك ــ يۇقىرى، ئېگىز، يۇكسەك.
(15) ئەبرى بەھار ــ باھار بۇلۇتى، ئەتىيازدىكى يامغۇرلۇق بۇلۇت.
(16) كوھسار ــ تاغلىق، تاغ تىزمىلىرى.
(17) فەرەڭ ــ ياۋروپالىق دېگەن مەنىدە.
(18) بەھەم ــ بىللە، يېتىشمەك، ئېرىشمەك، قولغا كەلتۈرمەك.
(19) ئەسرۇ زەبۇن ــ ناھايىتى چۈشكۈن، بەك تۆۋەن، ئەسىرگە چۈشۈش.
(20) ھاسىدلار خەيلى ــ ھەسەتخورلار گورۇھى، ھەسەت قىلغۇچى كىشىلەر.
(21) سەرنىگۇن ــ بېشى تۆۋەن، خارۇزار.
(22) زۇفۇنۇن ــ ھەممىنى قىلالايدىغان، ھەممە پەن ۋە قابىلىيەتنىڭ ئىگىسى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدىن دەم ئىلشقا چىققان)

پەرىدىددىن ئەتتار

# رۇبائىيلار

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇسالام مۇھەممەد

جاھان سۆز سەنئىتىنىڭ زەبەردەس نامايەندىلىرىدىن بىرى، مۇتەسەۋۋۇپ شائىر پەرىدىددىن ئەبۇھامىد مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكىر نىشاپۇرىي (1145 ــ 1221) نىشاپۇر ئەتراپىدىكى كەدكەن قىشلىقىدا تۇغۇلغان. ئاتىسى ئەبۇبەكىر ئىبنى ئىبراھىم ئەتىر قاتارلىق دورا ـ دەرمەكلەرنى ساتقۇچى ۋە تېۋىپ ئىدى. بۇ كەسىپ ئوغلىغىمۇ مىراس بولۇپ قالغان، شائىرنىڭ ئەتتار نامى بىلەن خەلق ئىچىدە مەشھۇر بولۇشى ۋە ئۇنى ئەدەبىي تەخەللۇس قىلىپ ئېلىشى شۇنىڭدىن ئىدى. ياشلىقىدىن ئىلىم تەھسىلىگە قىزىققان پەرىدىدىن ئەتتار ئەدەبىيات، دىن، ھىكمەت، كالام، ئىلمىنۇجۇم، تېبابەت ۋە دورىگەرلىك ئىلىملىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ سوپىلىق مۇھىتى ۋە تەسەۋۋۇف ئەھلى ئارىسىدا ياشىغان بولغاچقا، بۇ تەلىمات ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەشھۇر شەيخ ۋە ئەۋلىيا بولۇپ يېتىشكەن. شەيخلەر شەيخى مەجدىدىن باغدادىي قولىدىن دەرۋىشلىك خىرقىسىنى كىيگەن. ئىرانلىق مەشھۇر ئەدەبىياتشۇناس سەئىد نەفىسىيمۇ ئۇنى كۇبراۋىيە تەرىقىتىنىڭ داۋام ئەتتۈرگۈچىسى بولغان دەپ ھىسابلايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئەتتار تەرىقەت سۇلىكىدە شەيخ رۇكنىددىنىنىڭ مۇرىتى سانىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇ ئۇۋەيسىي بولۇپ مەشھۇر سوپى مەنسۇر ھەللاجنىڭ روھىدىن تەربىيە تاپقان. ئەلىشىر نەۋائىي جالالىدىن رۇمى تىلىدىن بۇ ھەقتە: «شەيخ مەنسۇر ھەللاجنىڭ نۇرى يۈز ئەللىك يىلدىن كېيىن شەيخ پەرىدىددىن ئەتتار روھىغا تەجەللى قىلىندى ۋە ئۇنىڭ مۇرەببىيسى بولۇپدۇر»دەپ يازىدۇ. ئەينى چاغدا ئەتتار جالالىدىن رۇمىينىڭ كېلەچىكىنى بېشارەت قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ «ئەسرارنامە» ناملىق كىتابىنى ھەدىيە قىلغان.

جالالىدىن رۇمىنىڭ: «ئەتتار روھ ئىدىيۇ، سەنايى ئۇنىڭ ئىككى كۆزى،بىز سەنايى ۋە ئەتتار ئىزىدىن كەلدۇق» دېگىنى بىكار ئەمەس ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىينىڭمۇ ئەتتارغا ئىخلاس ھەم ئېتىقادى ئۈستۈن بولۇپ بەش يېشىدا ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەيىر» ناملىق ئەسىرىنى ياد ئالغان، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ ئىجادىدىن تەسىرلىنىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا «تەرجۇمە رەسمى بىلە» جەۋاب ئېيتقان ھالدا«لىسانۇت ـ تەيىر»نى ياراتقان. بۇ داستاندا نەۋائىي ئەتتارنى قەقنۇس،ئۆزىنى قەقنۇس بالىسىغا ئوخشاتقانىدى.

ئەتتاردىن ئەللىك مىڭ بېيىت شېئىرىي ئەسەر قالغان. شائىرنىڭ شېئىرىي دىۋانى، «مۇختارناما» رۇبائىيلار توپلىمى، «مەنتىقۇت ـ تەيىر»، «خۇسرەۋنامە»، «ئەسرارنامە»، «ئىلاھىينامە»، «مۇسىبەتنامە»،

«بۇلبۇلنامە»، «ئۇشتۇرنامە»، «جەۋھەرەئۇز - زات» داستانلىرى ۋە «تەزكىرەتۇل - ئەۋلىيا» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەشھۇر.

ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسەن تەسەۋۋۇپ ھەقىقەتلىرى بايانىغا بېغىشلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىكى ئورنى يۇكسەك.

پەرىدىدىن ئەتتار فارسىي سۆز سەنئىتىدىكى زەبەردەس رۇبائىينەۋىسلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ «مۇختارناما»سى بەش مىڭغا يېقىن رۇبائىينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. «مۇختارناما»نىڭ ئىراندا نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدا 2279 رۇبائىي بېرىلگەن.

سوپىيانە روھ ۋە مەزمۇنلار بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ رۇبائىيلار ئاللانى ئۇلۇغلاش، ئىلاھىي ئىشقنى ئەۋجگە كۆتۈرۈش، ئىنسانلىق ماھىيىتىنى چۈشىنىش، كامالەت يولىدا پەردە بولغان جىسىم، نەفس ۋە دۇنيانى ئەيىبلەش، مەشۇقىنىڭ تەرىپ - تەۋسىپىنى قىلىش، ئايرىلىش ئازابلىرى تەسۋىرىگە بېغىشلانغان.

1

ئەي دىل، شاد بول، ياخشى - يامان ئۆتكۈسىدۇر،
بىر كۈنى قۇلنى بىگۇمان ئۆتكۈسىدۇر.
بار نىئمەتىيۇ قۇۋانچى بۇ دۇنيانىڭ،
ئۆمرۈڭ كەبى سالغانچە سۈرەن ئۆتكۈسىدۇر.

2

شام شولىسى چۈشمىش شارابىقا بۇ كېچە،
ئاجىز كەلدى كۆڭلۈم مېنىڭ كاۋاپىقا بۇ كېچە،
قوي ئۇيقۇنى بەر قۇلاق راۋابىقا بۇ كېچە،
ئاباد نە بار يۈز تۇتار خارابىقا بۇ كېچە.

3

گۈل ئاچتى يۈزىنى، بىزمۇ كۆڭۈل ئاچقايمىز،
مەي شەۋقى بىلەن غەم قولىدىن قاچقايمىز.
گۈل قاغجىرىغاي ئۆتسە باھار، ۋاقىت يەتسە
بىزلەرمۇ ئەجەل شەربىتىنى ئىچكەيمىز.

4

ئىمكان بار ئىكەن، تېپىپ يېقىن ئۇلپەتنى،
باغۇ بوستان ئارا جايىغا قوي ئىشرەتنى.
تا باغلىغۇچە قول - ئاياغىڭنى ئەجەل،
سال ئىشقا ئۇۋال قىلما كۈچۈ قۇۋۋەتنى.

5

گۈل جىلۋە قىلىپ، ياشنىدى بوستان، ئەي دوست،
سەير ئەيلە غەنىيمەتتە گۈلىستان، ئەي دوست.
ھەر نەرسىنى خالىساڭ - مۇھەييا بۇندا،
قىل ئەيش ئىلە ئىشرەتنى بىئارمان، ئەي دوست.

6

گۈل تونىنى چاك قىلىپتۇ كىرسەم باغقا،
كۆر، غۇنچىنى يەل سېلىپتۇ نە قىيناققا.
مەي ئىچ، يەل بولسا سەنىسىزۇ مەنسىز ھەم كۆپ،
بىزچۇ، ياتىمىز باشنى قويۇپ تۇپراققا.

7

دۇنيا تا قىيامەت بىۋاپا بولغىسىدۇر،
ھەق بەندىسىگە ئىشى جاپا بولغىسىدۇر.
مىڭ يىل ياشىساڭمۇ نۇھ كەبى دۇنيادا،
بىر كۈن سېنىڭ جىسمىڭمۇ فەنا بولغىسىدۇر.

8

ئەي دىل، چېكىسەن جاھان غېممىنى تاكەي①؟
كەلگەن ئاشۇ لەبگە جان غېممىنى تاكەي؟
ئىت، چوشقىغا كان بۇ ئىپلاس مەنزىل ئارا،
چەكمەك دوزىخىي تائام غېممىنى تاكەي؟

9

ئەي دىل، بۇ تۆۋەن دۇنيا ئۈچۈن خار بولما،
مۇردارىگە② كەركەس③ قۇشىدەك يار بولما.
دۇنياغا جەھرى خەلقى گىرىپتار بولدى،
سەن ئۆزنى تېنى ـ ئۇنىڭغا گىرىپتار بولما.

10

تاكەي بۇ جاھان بىزگە قىلار رەنجۇ ستەم؟
قىينايدۇ قاچانغىچە خىيالى كۆنۈ كەم؟
ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ ھەر ئىككى جاھان،
ھەر نەرسە ئۈچۈن مۇنچە چېكەرمىز نىگە غەم؟

11

ئەي دىل، بۇ خەتەرلىك يولدا مىسلى باد سەن،
ئاسمانۇ زېمىن تەشۋىشىدىن ئازاد سەن.
ئاي نۇر چاچىدۇ تويۇپ ـ تويۇپ باق كۆككە،
بەش كۈن بۇ ھايات زوقى بىلەن تا شاد سەن.

12

دىل بولدى گۇناھدىن سىياھ④، ئەي ساقىي،
كەلتۈردى پىغان دادقا گۇناھ، ئەي ساقىي.
تەۋبە سارى تۇتقىل ئەمدى راھ⑤، ئەي ساقىي،
ئۆمۈر يەتتى بىر چېكىگە، ئاھ، ئەي ساقىي.

13

نە يېڭى بولۇر قايتا بۇ كونا جاھان،
نە خاھىشقا كۆرە قىلار ئىش ئىنسان.
ئەي ساقىي، ئەگەر مەي بەرسەڭ گەر بەرمە سىر،
سىرلار بارى سىر پېتىچە قالغاي پىنھان.

14

سۇلتانسەن مەيخورغا مۇدام، ئەي ساقىي،
بىز باغلاپ بەل ساڭا غۇلام، ئەي ساقىي.
غەم دەستىدىن ئۆلدۇق، جان بېغىشلا ئەمدى،
بىزلەرگە تۇتۇپ بىر ـ ئىككى جام، ئەي ساقىي.

15

ئىشقىڭ غېمى كىمدە بۇ قەدەر بولغۇسىدۇر،
دۇردكەشۇ⑥ رىندۇ⑦ دەر بەدەر بولغۇسىدۇر.
لەۋھ ئۈزرە يېزىشتى، بۇنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق،
ئۇ ھەر كۈنى يۈز بارە بەتەر بولغۇسىدۇر.

16

ئەي دوستلار، ئەجەل پەيلىنى خوپ بىلگەيسىز،
ھەر كۈن نەچچە قېتىم ئۆزنى رىزا قىلغايسىز.
ۋاقىت بارىدا جەم بولۇڭ، كېيىن مىڭ ئىزدەپ
ھېچ بىرگە بولالمايسىز، چاچ يۇلغايسىز.

17

قاي كۈن مېنى ئىشقىگە دۇچار كەلتۈردى،
بېسەبرۇ قارارۇ بىمادار كەلتۈردى.

---

① تاكەي ــ قاچانغىچە.
② مۇردار ــ مۇردا، تاپ، ھارام بولۇپ قالغان گۆش.
③ كەركەس ــ تاپ يەپ كۈن كەچۈرگۈچى يىرتقۇچ قۇش.
④ سىياھ ـ قارا.
⑤ راھ ــ شادلىق؛ كۆچمە مەنىدە: مەي، شاراب.
⑥ دۇرد ــ مەي دۇغى ،قالدۇقى، دۇردكەش ـ مەينىڭ دۇغىنى ئىچكۈچى، مەيخور.
⑦ رىند ــ مەيپەرەس.

تەسبىھۇ رىدا① ھەم زۇننار كەلتۈردى،
جان ئورنىغا، كۆر، نېلەرنى يار كەلتۈردى؟

18

ئىشقىڭدا دىنىمنى يېڭىلاپ ئالغۇم بار،
تەرسا بەچەنىڭ دوستى بولۇپ قالغۇم بار.
زۇننارنى قەۋەت - قەۋەت بېلىمگە باغلاپ،
دەستارنى شارابقا ئايرىباش قىلغۇم بار.

19

يار ئىشقى تىلەر: بىدىلۇ بىدىن بولسام،
خۇمماروُ خاراباتىيۇ مەجنۇن بولسام.
دېۋانىلىكىم تۈپەيلى ئارزۇ قىلىمەن،
ئەڭ ئاقىلۇ مەن، بارچەدىن ئۈستۈن بولسام.

20

زاھىدلىقۇ تەقۋادارلىقىم ئۆتتى ھېساب،
ئەمدى مەنمۇ يېڭى دەرد ئىلە كونا شاراب.
كۈن - كېچە دىن ئىچرە ئاۋۋالۇ ئاخىر ئىدىم،
بۇ كۈن ماڭا ئاۋۋالۇ ئاخىر دەيرى خاراب.

21

شۇ سەللىنىڭ تەشۋىشى مېنى كۆپ قىينار،
جان تىنجار ئىدى شارابقا ئالماشسام گەر.
ھەمياندا گەرچە بىر چاقام يوق، ئەمما،
ھەر ئىككى جاھان چىمچىلاقىمدا ئوينار.

22

بۇ كېچە ئاچار نۇر ئاي گۈلىستان ئىچرە،
بۇ كېچە ئاچار يۈزىن گۈل بوستان ئىچرە.
گۈل رەڭلىك شارابنى قوي، قالارمەن ئۇخلاپ،
بۇ كېچە ئايدىڭدۇر بۇ شەبىستان ئىچرە.

23

بىز بۇ كېچە مەيخانە ئارا بولدۇق جەم،
ئاڭلاپ نەيۇ چاڭ، قالمىدى دىللاردا غەم.
ھەر ئىككى جاھاننى ئۇنۇتۇپ بولدۇق شاد،
ھەمراھ ئىدى بىزگە مەشۇقە، مەيۇ ھەم شام.

24

تاغ ئارقىسىدىن يۈزىنى كۆرسەتتى كۈن،
شاد ئەيلە دىلىڭ ھەر نېمە بولسا بولسۇن.
ئۆمرۈڭكى ۋاپا قىلمىسا نە پايدىسى بار،
ھەرقانچە ئۆيۈڭ ئالتۇنۇ زەرگە تولسۇن؟

25

مەي تۇت، سەنەما، دىل غەمۇ ھەسرەتكە تولا،
يۇسۇن ئۇ جاھان قايغۇسىنى بىر يولا.
تېز بول! قارا، مايسا چىقىپ كەلدى يەردىن،
سەن كىرمەي يەرگە جامنى جامغا ئۇلا.

26

ئەتراپقا بېقىپ يۈرەك - يۈرەكتىن ئىلغا،
يار مىسلى بېھىش، ئاقىدۇ تاغدىن جىلغا.
سەھرامۇ بېھىش كەبى، جەھەننەمنى ئۇنۇت،
ھۆردەك يار بىلەن كەز بۇ بېھىشنى بىرگە.

27

قوزغال، قېنى گۈل ھەمياندىن زەر تۆكىدۇ،
ئاپتاپمۇ مۇۋاپىق ئاڭا گۆھەر تۆكىدۇ.
زار بولسا ئەگەر قۇم كەبى، تۆك ۋە مەي ئىچ،
بىر كۈنى سېنىمۇ پەلەك مۇقەررەر تۆكىدۇ.

① رىدا — شەيخلەر ۋە دەرۋىشلەر كىيىم ئۈستىگە كىيىدىغان يەكتەك تون.

**28**

گۈل جىلۋىسى گۈلشەن ئىچرە پەيدا بولدى،
بۇلبۇل تىلى ئېچىلدىيۇ شەيدا بولدى.
بىللۇر كەبى جامغا قۇي قىزىل مەي، باغ ھەم
يامغۇر سۈيىدىن مىسالى مىنا① بولدى.

**29**

مەي تۇت، قېنى جانان، تازا گۈل ئېچىلدى،
بۇلبۇل تىلىدىن سۆز گۆھىرى چېچىلدى.
بىر قەرىدە يالغۇز يېتىشنى كىم بىلسە،
يالغۇز ئۇلتۇرۇشنى ئۇ كىشى بەس قىلدى.

**30**

بەس، قانچە داۋام ئەتكۇسى بۇ بىدادلىق؟
كۆڭلەر قۇۋۇشار تىككەنىدەك ئازادلىق.
قۇي مەينى ھايالىماي ئۆمۈر ئۆتمەكتە،
ھەسرەت بىلەن بىلمەي نېمە ئەيشۇ شادلىق.

**31**

كۆپ ئىزلىدىيۇ تاپمىدى دىل بىر ھەمدەم،
بار ئىنتىلىشىيۇ ئارزۇسى تاپتى بەرھەم.
تەقدىر ئىشىغا تەن بەرۇ، مەي ئىچ، يىللار
مىڭ ئىستە، بۇيرۇمىغان ئىدى شۇ دەم ھەم.

**32**

ئىشىق ئىچرە ئۇلۇغلۇقۇم كىچىكلىككە گۆرۈ،
بۇ يۈزنىڭ قىزىللىقى سېرىقلىققا گۆرۈ.
دىن ساپ مەينىڭ قەترىسىمۇ يوق مەندە،
جايىنامازنى قىلاي مەي لېيىغا نەقلا گۆرۈ!

**33**

دۇنيا دېگىنى ئەسلىدە بىر رەسۋا جاي،
بۇ رەسۋا جايدا نېمە ئىزلەيسەن، ھاي!
دەيسەڭكى: بۇ دۇنيادا ئامانەتمەن، ۋاي،
لېك، پەس كېتىسەن، سۆز ۋە ئىشىڭ پايىما - پاي②.

**34**

بۇ دۇنيايى غەددارنى③ نە قىلغايسەن؟
بۇ دۇشمەنى ئاشكارنى نە قىلغايسەن؟
بەس، سەن نە ئىتۇ نە چوشقا، نە قاپلانسەن،
بۇ مەنزىلى مۇردارنى نە قىلغايسەن؟

**35**

بۇ دەشت ئارا جان ئەگەرچە سەرسان كەچتى،
بىر قىلنىمۇ بىلمەي، نەچچە قىل ئېچتى.
كۆڭلۈمدە ئەگەرچە مىڭ قۇياش پارلار ئىدى،
بىر زەررە كامالغا يول تاپالماي ئۆچتى④.

**36**

جاننى سورىماڭ، ئاشىقى ئۇ دىداردۇر،
دىلنى سورىماڭ ۋالەئى⑤ ئۇ گۇفتاردۇر.
بۇ جانۇ دىلىم خەزىنە ئۇ ئەسراردۇر،
لېكىن نە قىلاي، تىلىمنىڭ قۇلۇپى باردۇر،

**37**

بىر ئاشىقى پاكۇ، بىر دىلى زىندە قېنى؟
بىر كۆيگەنۇ بىفىكرى پاراكەندە قېنى؟
كىمگە قارىساڭ ئۆز غەمى دەردىگە ئەسىر،
بەس، ئىككى جاھاندا تەڭرىگە بەندە قېنى؟

① مىينا – شىشە، مەي شىشىسى.
② پاي — ئاياغ، ئاستى، تۆۋىنى.
③ غەددار — ھىيلىگەر، مەككار.
④ بۇ رۇبائىي ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ دەپمۇ قارىلىدۇ.
⑤ ۋالەئى — ئاشىق، شەيدا، مەپتۇن.

## 38

ئەي دىل، مەرىپەت مەيدىن قىلدىڭ نۇش①،
ساتما ئىلاھىي سىرنى تۇتۇپ ئاغزىڭ بوش.
سال نەرسىگە تاغ چەشمەسىدەك ئۇرما جوش،
دەريا بولىسەن، ئەگەر ئولتۇرساڭ خامۇش.

## 39

ئەي دىل، بارى چارەڭ سېنىڭ بىچارىلىكىڭ، ھەي،
بىر گۇشادە ئولتۇرغىنىڭ ئاۋارىلىكىڭ، ھەي.
نان ساڭا جىگەر، سۇيۇڭچۇ ـ خۇنخارەلىگىڭ②، ھەي،
ئەلقىسسە، ئىلاجىڭ سېنىڭ بىر بارەلىگىڭ، ھەي.

## 40

ئەي تالىبى ھەق، بىچارە بولما مۇنچە،
ئۆزنى ئۇنتۇپ ئاۋارە بولما مۇنچە.
مەردلەر كەبى ئۆز باتىنىڭدە (ۋەتىنىڭدە) ئەيلە سەيىر،
نەزەر ئەھلىگە نەزەر سالما مۇنچە.

## 41

ئىقرار يولىدا نە بىر قارارىڭ باردۇر،
ئىقرار سەيرىدىن نە چەت ياقاسى باردۇر.
چۈنكى، قىلىسەن خىيال ئىشىم يەڭگىل دەپ،
ئەي ئەقلى چولتا، ئۆزۈڭ كارىڭ باردۇر.

## 42

گاھ تاڭگى يىغان ئۇچۇن ساڭا قول بېرىدۇ،
گاھ بىر ئاھ ئۇچۇن تۆھپەنى كۆپ بېرىدۇ.
بىخۇد بولۇشنى ئىستىشىمنىڭ سەۋەبى؛
بىخۇد قىلسا ئۆزى سارى يول بېرىدۇ.

## 43

بەس، قىلدى ئەدا مېنى بۇ يېقىمسىز ئىش،
يۈز يول بىلەن ھەركۈن ئۆزىن ئۆلتۈرۈش.
بىر جۇپ مۇغانە مەي③ تىلە زەردۇشتتىن،
ئېچىپ نىقاب، ئادەمنى قىلاي نامايىش④.

## 44

زاھىد كەبى تاكەي رىيا قىلغايسەن،
مەي قۇيقىسىنى سۇمۇركى، مەرد بولغايسەن.
قان بولدى جىگەر زۇھدۇ⑤ مۇناپىقلىقتىن،
ئەي رىندى قەلەندەر، قاچان كەلگەيسەن؟

## 45

تەرسابەچە تەۋبەمنى مېنى سۇندۇردى،
كەلدى كېچە زۇلفىنى قولۇمغا بەردى.
چارلاپ مېنى رەقس ئەتكىلى قايتتى كەتتى،
زۇننارنى قەۋەت ـ قەۋەت ئورىدى باردى.

## 46

باشىمدا نە بىر كىبرۇ ھەۋا كۆرگەيسەن،
كۆڭلۈمدە نە ئارزۇ مۇددىئا كۆرگەيسەن.
نۆكتە⑥ كەبى دەردۇ غىم سالدىلار ماڭا،
چىن كۇفرۇ ئاۋارىلىكنى تا كۆرگەيسەن.

---

① نۇش ــ تاتلىق، شېرىن.
② خۇنخارە ـ قان ئىچكۈچى، قانخور.
③ مۇغانە مەي ــ ئىلاھىي تەجەللىيات نۇرى ۋە كامىل مۇرشىدنىڭ پاك نەپسىگە ئىشارە قىلىنغان.
④ نامايىش ــ نامايان قىلىش.
⑤ زۇھدۇ ــ تەقۋادارلىق.
⑥ نۆكتە ــ ئىنچىكە مەنىلىك سۆز، مەنىسى چوڭقۇر: ھېكمەت، سىر.

**47**

ئۆز قوۋۇقۇلۇڭ ئىچىدە تۇتۇپسەنمۇ مەقام،
ئىشق ئىچرە كامال يوق ساڭا ئىشىڭ تېخى خام.
پاك بولمىسا ھەر ئىككى جاھاندىن كۆڭلۈڭ،
مەي قۇيۇقىسى مەيخانە ئارا ساڭا ھارام.

**48**

تاڭدا دىل ئوتىدىن بىمالال، ئەي ساقىي،
مەي قايىندىيۇ، بولدى ھالال، ئەي ساقىي.
رىيا بىلەن ياخشىلىق قىلىشتىن ئەۋزەل،
مەي بىرلە قىمارمۇ، ئېھتىمال، ئەي ساقىي.

**49**

ھەسرەتتە يېقىپ جانىڭ ئالار ئىشق دەردى،
دەرماندۇر ئاڭا پەقەت قەلەندەر دۇردى.
دەرۋىش دىلىدىن سىدىق ئىلەن ئۇچقان ئاھىڭ،
زاھىتقا نېسىپ بولۇرمۇ ھەتتا گەردى①؟!

**50**

ئىشتاھىڭ بولسۇن كارنەي، ئەي ساقىي،
تولسۇن ئىچىشتە تائامۇ مەي، ئەي ساقىي.
مەي بەر، بۇ دىل ئىبتىدادە قان بولغان ئىدى،
ئىنتىھادە تا تەۋبە قىلاي، ئەي ساقىي.

**51**

تاكەي بۇ زاماندىن چېكىمەن غەم، ساقىي؟
خۇش ئەمەسمۇ سەنەم زۇلفىنى تۇتسام، ساقىي؟
تا قولدا شۇ ئىمكان بار ئىكەن بوي بەرمەي،
زۇلفىنى تۇتۇپ قوينىدا ياتسام، ساقىي !

---

① گەرد ــ چاڭ، توزان.

**52**

بىزدەك تېخى كۆپلەرنى تەيىن، ئەي ساقىي،
ئۆز كامىغا تارتار بۇ زېمىن، ئەي ساقىي.
كۆڭلۈڭدە بۇنى ئالما يېقىن، ئەي ساقىي،
ئۆتمەكتە ئۆمۈر قەدەھنى سۇن، ئەي ساقىي.

**53**

تەقۋانى دېسەڭ سۆزۈ گۇدازدىن قالىسەن،
كىبىر پەيدا قىلىپ، شەۋقۇ نىيازدىن قالىسەن.
چۆگرەمدە كۆپ ئايلانما مېنىڭ، ئەي زاھىد،
بۇ دەرۋىشۇ رىند ئۈچۈن نامزاتتىن قالىسەن.

**54**

خالار بولساڭ ئۆزنى ئۇنتۇشتىن ئاسان،
فانىي بول ئارزۇشتە ئېتەرسەن شۇ زامان.
بىر لەھزە قەلەندەرلىك بازارىغا كىر،
قىشىڭدا بولۇر نامايان ھەر ئىككى جاھان.

**55**

تاكەي ئەل ـ ئاۋامنى دەپ نوقۇل، ئەي ساقىي،
ھەمىيېنىڭ ئېغىرۇ دىلىڭ يەڭگىل، ئەي ساقىي.
تاكەي بۇ ئادەۋەتۇ چۇغۇل②، ئەي ساقىي.
ئۆتكۈنچى جاھانغا شىلتى قول، ئەي ساقىي.

**56**

تاپ بىر سەنەمۇ ماكانىڭ بولسۇن خىلۋەت،
قۇر مايسىزار ئۇزرە ئۇ بىلەن خۇش سۆھبەت.
بۇگۈن غىمىيۇ ئەرتىنىڭ تەشۋىشىنى قوي،
ئۆمۈر يەلدەك ئۆتەر ھەر دەمنى بىل غەنىيمەت.

---

② چۇغۇل ــ غەيۋەتچى، ئىغۋاگەر.

57

يەتمەسمىز بەلكى زەررىدەك بەختكە ھەم،
قەدەملەر بىلەن بىر يەرگە بولماسمىز جەم.
بۇ لەھزە نېسىپ بولۇرمۇ قايتا يا يوق،
بەس، سۆھبەتۇ دىدارىنى قەدىرلەڭ ھەر دەم.

58

دىل مەي كەبى ئىستەر خۇم ئارا مەنزىلنى،
گۇل تەلئىتى مەست ئەيلىدى مىڭ بۇلبۇلنى.
ئىش قىلغان بار ئىكەن كوچى قولىنىڭ تا،
نەقد① ئىشىغا غەنىمەتتە ئۇرايلۇق قولنى.

59

ئۆمۈرگە كۆرە ئەگەر كىچىكتۇر بۇ كۆڭۈل،
تۈت مەينى، غەمى دەردى ئەمەستۇر يەڭگىل.
سارغۇچ شۇ قۇياش ئاستىدا تالاي مەي ئىچ.
سارغۇچلىقىنى قۇياشىنىڭمۇ دەردتىن بىل.

60

بوستان ئارا تازا گۇل ئېچىلدى، ئەي دوست،
قۇلپى دىلى بۇلبۇلنىڭ ئېچىلدى، ئەي دوست،
بولماس كىشىگە ھەرگىز نېسىپ مۇنداق دەم،
كىم ئاقىل، ئۇنى قەدرىن بىلىندى، ئەي دوست.

61

قاي كۈنكى ئەجەلنىڭ كۆلىگە چۈشكەيمىز،
بەرگىدەك ھايات دەرىخىدىن ئۆچكەيمىز.
دىل شادلىقى دەپ جاھاننى غەلۋىرگە سېلىڭ،
يەر ئۈستىدىن تا يەر ئاستىغا كۆچكەيمىز.

① نەقد ــ پۇل، ئاقچا؛ قىممەت باھالىق نەرسىلەر.
② گۈنج ــ بۇرجەك.

62

گەر ئىستەر بولساڭ دىل غېمى بىردەم كەتكەي،
مەي ئۇتلا كۆڭۈلگە يەتسە مەي غەم كەتكەي.
ئاچ بەندىنى بەندىدىن گۈزەللەر زۇلفىنى،
تا تەن بەند ـ بەندگە ئاجرىلار دەم يەتكەي.

63

چۈشمىش چېكىمىزگە بىزنىڭ ئەقلى ناساۋاب،
ئىسيان كۆتۈرۈپ دىل قىلمىش مەيلى شاراب.
كەچتۇق ئار ـ نومۇستىن، خىشتۇر ياستۇقىمىز،
بەس، بىزگە ماكان كۈنجى② خەراباتى خەراب.

64

چاڭ ئۆرتەنىبان قىلماقتا نالە ـ پىغان،
ھەر نالىسىدە سېنىڭچە قان ھىدى نىھان.
نەي چەكسە باھار چېغىدا ئاھۇ نالە،
دەيسەن: تارىلار بۇ كۈي گۆرۈمدىن بىگۇمان.

65

دىل دەردى زاھىر بارچىنى ئەيلەيدۇ ھالاك،
جانان، كەلۇ، تۈت دەفئى ئۈچۈن بادەن پاك.
تۈت مايىسىزار ئۈزرە مەينى كۆپ قالغان ئەمەس،
تا بولغۇسى مايىسىزار بىزنىڭمۇ بۇ خاك.

66

قوزغالكى، ھىلال تۈن ئۈزرە تىكتى چىدىر،
تەرك ئەيلىدى ئاشۇفتە③ قۇياش ھەم ئاخىر.
كەلتۇر، شامۇ ئايۇ نۇقۇل خەندان ئۇلتۇر،
قايتىپ يەنە كەلمەيدۇ بۇ تۈنلەر ساھىر④.

③ ئاشۇفتە ـ پەرىشان.
④ ساھىر ـ سېھىرگەر.

67

تولدۇردى رەفىقلەر① مايسىزار باغىمنى،
مەي بىرلە يۇيۇشتى دىلدىكى داغىمنى.

گۈل دەردىدە ئەشكىمگە② چۆمۈلسۇن تۇپراق،
قۇيغانلارىچە خىش ئېتىپ تۇپراقىمنى.

68

قوزغا، ئىشىمىزدا بىر سەمەر بولغۇسىدۇر،
ئەسبابى③ شەراب مۇختەسەر④ بولغۇسىدۇر.
پاتماقتا ئۆمۈر قۇياشى، بەس، ئەيلە شىتاب،
خۇش، قولدا مۇدام⑤ بادە⑥ ئەگەر بولغۇسىدۇر.

69

ئەي دىل، بۇ جاھاندا نېمە كۆردۈڭ — ھېچدۇر،
دەۋر قىسسەسىگە قۇلاقنى بەردىڭ — ھېچدۇر.
ھەر ياققا قاراپ ئېلىپ يۈگۈردۈڭ — ھېچدۇر،
بىر گۇشەدە ئاقىۋەت ئولتۇردۇڭ — ھېچدۇر.

70

تۇت تازا شاراب، دىلنى ئېرىتسۇن غەمدىن،
فارىغ ئۇ پاساتتىنۇ ئەمىن ئالەمدىن.
بولسۇن مەي پىرئەۋنى پىرئەۋنگە تەن،
مەھۇ⑦ ئولسۇن تا مەيلۇ ھەۋا پىرئەۋن.

71

دېدىم: دىلۇ جاننى ساڭا يار ئەيلەدىمەي،
ھەرنە يوقۇ بارىمنى نىسار⑧ ئەيلەدىمەي،
دېدى: ئۆزى كىمسەنكى، قىلارسەن يا يوق؟
مەن ئەسلىدە سېنى بىقارار ئەيلەدىمەي.

72

دېدىم: بىۋاپا بولدۇڭ، شۇنداقمىدى ئەھد،
دوستتىن جۇدا بولدۇڭ، شۇنداقمىدى ئەھد.
ھەر كۈن نەچچە بار بىزدىن ئۈزاق چۈشتۈڭ، بەس،
بىگانە⑨ سۈپەت بولدۇڭ، شۇنداقمىدى ئەھد.

73

ئاشىق كىشى دۇنيا ئىشىدىن فەرد⑩ بولغاي،
ھەر ئىككى جاھاندىن كېچەر ئۇ،مەرد بولغاي.
دىل مىسلى ئەلەنگەيۇ⑪ دەمى سەرد بولغاي،
ئاياق ئۇچىدىن بېشى قەدەر دەرد بولغاي.

74

بىز رەسمۇ رۇسۇم خىرقىسىنى ئاتقانمىز،
خىرقە بەدىلىگە بېشىمىز ساتقانمىز.
بىزنىڭ يولىمىزدا ھەر نېمە گاۋ بولسا،
جان بولسىمۇ ھەتتا بەھرىدىن ئۆتكەنمىز.

75

بىزمىز ئۇ مەيۇ مۇترىبۇ⑫ گۈل مۇشكىن خال⑬،
ھىجرانسىز ھاسىل بولدى ئەييامى ۋىسال.
تۇرغان يېرىمىز يار بىلەن فىردەۋس مىسال،
بۇ مەي ھارام ئەمەس، ئۆزى قىلغانغۇ ھالال.

---

① رەفىق — ھەمراھ.
② ئەشك — كۆز يېشى.
③ ئەسباب — سەۋەب.
④ مۇختەسەر — قىسقا.
⑤ مۇدام — دائىم.
⑥ بادە — مەي.
⑦ مەھۇ — يوقىلىش.
⑧ نىسار — چېچىش.
⑨ بىگانە — يات كىشى.
⑩ فەرد — خالىي.
⑪ ئەلەن — ئاشكارا.
⑫ مۇترىب — سازەندە ۋە ناخشىچى.
⑬ مۇشكىن خال — قارا خاللىق مەشۇقە.

## 76

رىند ئەھلىگە بىز بولغىلى ئىش كەلگەنمىز،
قىلماقتا سەفا①، جۇشە خۇرۇش② كەلگەنمىز.
قول شىلتا ياخشى - يامان كۇفر ئىلە ئىسلامغا،
مەي دۇردىنى تۇتكى، دۇردنۇش كەلگەيمىز.

## 77

قان بولدى جىگەر، كەلتۇر جام، ئەي ساقىي،
دۇنيا ئىشى مىڭ ھىيلەيۇ دام(6)، ئەي ساقىي.
مەي تۇت ماڭا ئۆمۈر ئۆتتى ئۈزۈلۈك ھەم ئاز - ئاز
ئىچ ھەر كۈن، خۇلاسە كەلام، ئەي ساقىي.

## 78

گۈل چېھرەسىدە نەسىمى④ نورۇز خۇشتۇر،
گۈلشەن ئارا رۇخسارىنى دىلئەفرۇز خۇشتۇر.
شاد بول، بۈگۈنىڭدىنۇ، ئۇنۇت ئۆتكەننى،
ئۆتكەن كۈندىن ئاچماغىنىڭ سۆز خۇشتۇر⑤.

## 79

تاڭ ئاتتىيۇ، تۈنىنىڭ ئېتىكى چاك بولدى،
مەي ئىچ، نېگە كۆڭلۈڭ يەنە غەمناك بولدى.
تاڭلار تېخى كۆپ ئاتار، قەدەھنى سىپقار⑥،
بىزنىڭچۇ؟ بارار يېرىمىز شۇ خاك بولدى.

## 80

باش ئاغرىقىنىڭ دەفئى ئۈچۈن تۇتقىل مەي،
تۈن بويى ئىچىپ چىققان ئىدۇق پەيدەر پەي.
بىز مەستۇ خاراب بولۇپ فەنا دەيرى ئارا،
داۋالغۇش سالىمىز خاراب جاھانغا شۇندەي⑦.

## 81

مەخمۇرلارگە جام تولدۇرۇپ مەي قۇيغىل،
چاڭ ياڭرىسۇنۇ، توختىمىسۇن نەي، قۇيغىل.
جاملار بوشىسا غەم يېمە ئەسلا ساقىي،
مەي قۇيقىسىقىدىن ئېلىپ پەياپەي قويغىل.

## 82

ئېچىلدى گۈل، ئەتراپىدا باھار، ئەي ساقىي،
تاكەي قىلىدۇ زامانە خار، ئەي ساقىي.
مەي جامى قېشىڭدا سەبزەخەت يار مەھرەم،
بولسۇن ساڭا مەنزىل سەبزەزار، ئەي ساقىي.

## 83

ھەر لەھزە دىلىم قانى پاراۋان بولغاي،
كۆزلەردىن ئېقىپ مىسالى ئۇممان⑧(1) بولغاي.
تۇپرىقىمدىن كوزا قىلار بولسا كۇلال،
تولدۇرسا ئۇنى سۇغا تولا قان بولغاي.

## 84

ئەي يار، پەلەككە يەتتى زارىم سەنسىز،
بىر لەھزە دىلىمدا يوق قارارىم سەنسىز.
كۆيدۈر مېنى كەل، سەن شامىيۇ، مەن پەرۋانە،
جان چىقسۇن كۆيمىسەم، نىگارىم، سەنسىز.

---

① سەفا ــ پاكلىنىش.
② جۇشە خۇرۇش ــ ھاياجانلىنىش.
③ دام ــ تۇزاق.
④ نەسىمى ــ مەيىن شامال.
⑤ بۇ رۇبائىي ئۆمەر ھەييامنىڭ دەپمۇ قارىلىدۇ.
⑥ سىپقارماق ــ سۇمۇرۇش.
⑦ شۇندەي ــ شۇنداق، قاپىيە ئېتىبارى بىلەن ئۆز پېتى ئېلىندى.
⑧ ئۇممان - دېڭىز.

85

چاغدەك مۇدام قىلىش كېرەك نالە ـ خۇرۇش،
ئۇممان كەبى مىڭ چايقىلىشۇ، جۇش ئۇرۇش.
سۆزدىن كېيىمىز قالمىدى، ئەي مەھرەملەر،
پۇرسەت يەتتى بولۇشقا ئەمدى خامۇش.

86

كۆيدۇم ۋەسلىڭدە ئانداق، ئەي شەمئى تىراز،
ئىشقىڭدا كۆيۈپ شام كەبى، ئۆچكۇم باز.
سۆزۈمنى قىلاي مۇختەسەر، ئېيتىپ بولماس
كۆڭلۈمنى ئېچىپ ئۇزۇن تۈنلەرگە راز.

87

نە ئاشىقى بىچارىگە چارە قىلىسەن،
نە خەستە كۆڭلى سارى نەزارە قىلىسەن.
چىقمايسەنۇ پەردىدىن ئۆزۈڭ تاشقىرىغا،
ئۇششاق① پەردىسىنى نېگە پارە قىلىسەن.

88

مەي بولسا شارابۇ ماھتاب②، ئەي ساقىي،
مەي ئۇيقۇنى ھەيدەيدۇ شىتاب③، ئەي ساقىي.
ئاتەش تولا دىلغا باقۇ، قوي تۇپراقنى،
سۇ كەلتۈرگىن، ئېلىنى بىلە سەراب④، ئەي ساقىي.

89

باغ بولسا ئاقار سۇ يەنە، ئەي شەمئى تىراز،
مەي بەرگىن ئاشۇ تەۋبەنى ياڭراتقىن ساز.
شاد بولكى، ئاقار سۇ ئاۋازى ئېيتقىسىدۇر:
كەتكەيمەن ئېقىپ، ئارقىغا قايتماسمەن باز.

90

كۆرسەتتى چىمەن ئىچرە يۈزىنى گۇل، ساقىي،
قايغۇدا كۆرەلمەي ئۇنى بۇلبۇل، ساقىي.
مەي قۇي، تېخى تۇپراققا كىرىپ مەي بولمىز،
بىزنىمۇ ئۆزىتىشار قولمۇقول، ساقىي.

91

مايسا زېمىن ئۇزرە سوزدى تىل، ئەي ساقىي،
شەبنەمگە يۈزىنى يۇيدى گۇل، ئەي ساقىي.
جىسمىمۇ نازۇك شاخلىرىنى كۆرسەتتى،
بەس، تاۋاپقا ھېچ بارارمۇ قول، ئەي ساقىي.

92

قاچانغىچە سۆزۈڭ تۆرتۇ يەتتى، ساقىي،
گۇل بولسا نېمە، تىكەنمۇ نېتتى، ساقىي؟
چال سازنى چاپسان، ئەيلەمە زايا مۇترىب،
قوي بادىنى تېز ئۆمرىمىز ئۆتتى، ساقىي.

93

بىر قۇشكى، ئەجەب يۇلتۇزلار دانە ئاڭا،
ئول ئەھدى ئەزەل ئىمىش جاۋىدانە ئاڭا.
گەر جامى جاھانىنەمانى ئىزدەرسەن، ئۇ
ساندۇقتا نىھان، كۆكسۈڭ بولسا خانە ئاڭا.

94

بىر زاتكى ئۇ، مەۋجۇت ئۇندا نە سەن ئۇ، نە مەن،
بىلمەسمىز، نە سىر بار بۇندا نە سەن ئۇ، نە مەن.
پەردە كۆتۈرۈلسە، ئوخشاشىن بىلگەيمىز،
ئۆزى ئۆزىگەيۇ ئۇندا نە سەن ئۇ، نە مەن.

① ئۇششاق — ئاشىقلار.
② ماھتاب — ئاي نۇرى، ئايدىڭ.
③ شىتاب — تېز.
④ سەراب — ئىزىتقۇ، چۆللەردە سۇغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان نەرسە.

## 95

سىر يەتسە ئۆزۈڭدىنمۇ ئۇنى پىنھان ئەت،
بۇ دەردى بىدەرماندىن ئەيلە ئۈمىد.
ئايلاندۇر ئۇ ئەينەككە بۇ جانىڭنى،
ئۇ ئەينەكنى سۆيگىل، جانان سارى تۇت.

## 96

گاھىدا كۇرەشنىڭ ئالدىدا بارغايسەن،
گاھ دەرد ئېلىنىڭ ئارقىسىدا يۈرگەيسەن.
تەكتىگە يېتىش ئاسان ئەمەس بۇ ئىشنىڭ،
بۇ ئىش ئۇلۇغ - مەرد تۇرۇپ بەرگەيسەن.

## 97

دېدىم: سورىما فانا بولۇپمەن ئانداق،
دېدى ئۇ:باقاگە يەتكۈزەرمەن شۇنداق.
يەنى كۆرسەن ئۆزۈڭنى يوقلۇق ئىچرە،
بارلىقنى ساڭا بېغىشلىسامىمۇ مۇتلەق.

## 98

بىلمەك بولساڭ خاتىرجەم ياشاش ھىكمىتىنى،
رەنج يەتسە ئۇنۇت خاپا بولۇش ئادىتىنى.
ھەر ئىككى جەھرى دەريا كەبى ئۇرسىمۇ جۇش،
ھەر ئىككى جاھانغا ساتما دىل راھىتىنى.

## 99

ھەرقانداق مۇئەممانىمۇ ھەل قىلسا بولۇر،
گۇمراھ يۈرىبانمۇ، رەھنامە بولسا بولۇر.
بىر لەھزىدە مىڭ ياشاش ھەم مۇمكىن،
بىر لەھزىدە مىڭ جايدا يا بولسا بولۇر.

## 100

چۆگرەڭدە پەقەت پەلەك ئۇرارمۇ جەۋلان،
قوينۇڭدا سېنىڭ ئىككى جاھان سەرگەردان.
ئاپتاپسەنۇ، جان ئىچرە تۇتۇپسەن ئاشيان①،
ئافتاپنى كۆرۈپتۇ كىم بۇنىڭدەك پىنھان.

## 101

ئۇ ماڭا دېدى: مايىلى ئىززەت بولما،
خارلىق تىلەيۇ تەكەببۇرلۇق قىلما.
سايەم ئىكەنلىكىڭنى ھېچ ئۇنتۇما شاد بول،
مەندىن پەقەت ئاجرالما قارا يۈز بولما.

## 102

ھەر ئوقكى، كېلەر بولسا ئەگەر جانانىدىن،
جاننى نىشانە ئەيلە،ئۇ ئۆتسۇن جاندىن.
ھەر ئىككى جاھاندىنمۇ نىجات ئىستەر بولساڭ،
ئۆزدىنمۇ يوشۇر سۆز ئاچما بۇ پەيكاندىن②.

## 103

باش بىلەن كىرىمەن سېنىڭ يولۇڭغا ھەر كۈن،
ماتەم تۇتىمەن سېنىڭ غېمىڭدە ھەر تۈن.
نە سەن كەبى يارغا دىل بېرىشكە جۈرئەت،
نە سەن كەبى ياردىن دىل ئۈزۈشلىك مۇمكىن؟

## 104

ئەي مۇشكۇلنى ئۆزى ھەل ئېتەلمەي ئۆتكەن،
يار ۋەسلىگە بىر لەھزە يېتەلمەي ئۆتكەن.
ئەي سۇ بويىدا تەشنايۇ زار جان ئۈزگەن.
گەنج ئۈزرە گادايلىقتىن قۇتۇلماي ئۆتكەن.

---

① ئاشيان - ئۇۋا.

② پەيكان - ئوق.

105

بار ئەزالىرىڭ قۇلاق بولمىقى كېرەك،
جان ئائىلاش ئۈچۈن ئىتتىپاق بولمىقى كېرەك.
دېدىڭ: تەرىقەت تالىبى قانداق بولغاي؟
كۆز ئاسمانۇ تىلى تۇپراق بولمىقى كېرەك.

106

سۆيگۈ سىرىغا يېتىش ئۈچۈن جەۋلان ئەت،
جان ئىچرە تېپىپ جاي، ئۇنى جانغا بىكىت.
باشىڭنى يولىدا تىككىنىڭ گۈل سىرنى،
گەر تاپساڭ، ئۆزۈڭدىنمۇ ئۇنى پىنھان تۇت.

107

ھەق تالىبى قان يۇتۇپ – يۇتۇپ يول باسقاي،
باش ھەم يېتىپ ئۆزىدىن كېتىپ يول باسقاي.
سەن قويغىن ئۇزاق يولغا قەدەم، ھېچ سورىما،
يول ئېيتار ئۆزى يولچى نېتىپ يول باسقاي،

108

يوكسەك تۇتىمەن بۇ فەقرۇ گەدالىقنى،
بەرگۇم نە زېمىن، كۆككە بۇ بايلىقنى.
ساقلىقۇ ئازادلىقۇ لەززەت – ئىشىم،
شاھلىققا تېگىشمىگەيمەن تەنھالىقنى.

109

گاھىدا سۆزۈمنى يۈز جۇنۇندىن دەرلەر،
گاھى بولسا ئەقلى زۇفۇنۇندىن① دەرلەر.
ئاقىل كىشىلەر زەر بىلەن نەقش ئەتكەيلەر،
ئاشىق كىشىلەر بۇ باغرى خۇندىن دەرلەر.

110

دىل غەم بىلەن قان يىغلىمىغان تۈن يوقتۇر،
پاك ئابرۇيغا داغلار چۈشمىگەن كۈن يوقتۇر.
ئۆمرۈمدە مەن ئىچكەچ، كۆزۈمدىن قايتا،
تۇپراققا تۆكۈلمەس مەيى گۈلگۈن يوقتۇر.

111

ئەي تۈرك قەلەندەر، ماڭا تۇت تازا شاراب،
بىر – ئىككى قەدەھ ئېچىپ بولاي مەستۇ خاراب.
ئۆتكۈنچى جاھان نېمىتىگە تەشنا بۇ تەن،
ئايلانماستىن تۇپراققا تۇت مەيى ناب②.

112

ھەر لەھزە دىلىم قانى پاراۋان بولغاي،
كۆزۈمدىن ئېقىپ – ئېقىپ ئۇ ئۇممان بولغاي.
گەر كوزا قىلىشسا مېنىڭ تۇپرىقىمدىن،
ئول كوزىغا سۇ سالسا ئەگەر، قان بولغاي.

113

بۇ ئەقىل كامالىنى جۇنۇندا كۆرگەي،
تەنىنىڭ ئاساسىنى خاكۇ خۇندا كۆرگەي.
بۇ كۆز ئىككى ئالەمنى ئىچىدە كۆرگەي،
ئۆستىخانۇ تومۇرنى تېشىدا كۆرگەي.

114

ئەي ۋاھكى، كۆتۈلمىگەندە بىر دەرد يەتكەي،
جان تەشۋىشى ھەردەم جىگىرىڭ قان ئەتكەي.
كىم بوغزىغىچە پاتسا بۇ دۇنيا لېيىغا،
بار – يوقىنى قولدىن بېرىپ جاھاندىن كەتكەي.

① زۇفۇنۇن — دانىشمەن.

② مەيى ناب — قىزىل رەڭلىك مەي.

**115**

جانىم بار ئىكەن، فەلەك كەبى چۆرگىلىمەن،
ھەر لەھزە ۋىسال ۋەسفىدە نۇكتە سۈرىمەن.
ھېچكىم تېخى تاپمىغان ئۇ نەرسىنى تىلەپ،
يوقاتمىغان نەرسىنى ئىزدەپ يۈرىمەن.

**116**

فەرياد ئۆرىمىز كويىڭگە تا يەتكەيمىز،
ۋەسلىڭ ئارزۇ، ئۆزگەسىنى نېتكەيمىز①.
ھەر بىر نەفسىمىزدە مىڭ جان باردۇر،
رەقس ئەيلەپ ئۇنى ساڭا نىسار ئەتكەيمىز.

**117**

بىھۇدە ياشاپ ئۆتتۇق جاھان ئايۋىنىدا،
ئۇن بولدى ۋۇجۇد پەلەك تۈگمىنىدا.
مىڭ دەردۇ نادامەتكى،تا كۆز ئاچتۇق
كۆردۇق ئۆزىمىزنى شۇم ئەجەل قاپقىنىدا.

**118**

مەن بىر قۇش ئىدىم ئۇچقان راز ئالەمىدىن،
پىنھان قىلايىن، ئۇۋ قېرىلىق غېمىدىن.
بىر كىشىنى تاپمىدىم ھەق مەھرىمىدىن،
قايىتتىم ئارتقا قىلىپ كۆڭۈل ئادىمىدىن.

**119**

جان چىقتى ھايات زوقى نېمىدۇر بىلمەي،
تەن سولدى ھېچبىر كەيپ - ساپانى سۈرمەي.
تۈنلەر بىدار يار غېمىنى چەككەن دىل،
بىر لەھزە قوۋانچ مەنزىلىنى ئەتمىدى تەي②.

① نېتكەيمىز — نېمىنۇ قىلىمىز.

**120**

ھەربىر نەفەس سالغاندا كېلەر لەۋگە بۇ جان،
ھەيران بۇ تىرىكلىكىمگە ئۆزۈممۇ چۇنان.
غەم - غۇسسىدە كەچتى ئۆمرۈم، بىر مەھبۇب
تېپىلسا ئۆتەردى خۇش تۈنلەر بىگۇمان.

**121**

بىر ھىند كېلىدۇ خارۇ ھەقىر جانىمغا،
ھەر لەھزە مېنى تەشنا قىلار قانىمغا.
ھەر ئۇقكى، سېلىپ كامانىغا مەن ئاتسام ئەگەر،
كېلىپ تەگدى ئۆز دىلى ۋەيرانىمغا.

**122**

مەن ئاجىزۇ خار دىلىمدا ئارمان دائىم،
بىچارىلىكىم غېمىنى يەرمەن دائىم.
گەر مىڭلاپ ئىشىك ئېچىلسا ماڭا ھەر كۈن،
ھالقا كەبى كوچىدا قالارمەن دائىم.

**123**

غاپىللىق ئىشىم — بىرەر ھۈنەر يوق مەندە،
ئۇل تېخى نەزەرىدە ھېچ نەزەر يوق مەندە.
ئەرتەيۇ كەچ ئىشىم مېنىڭ نالە پىغان،
ئاھ، قايگە باراي؟ ئۆزگە ھۈنەر يوق مەندە.

**124**

دەۋران غېمىدىن دىلىمدا مىڭ ھەسرەت بار،
ئارزۇ تىلىكىم كۆزىنى تۇتمىش غۇبار.
نە ھەمنەپەسىم بارۇ نە غەمگۇزار،
ئاشۇفتە كۆڭۈلمەنۇ پەرىشان روزگار.

② تەي - مېڭىش، يۈرۈش

### 125

يار ھەجرىدىن ئۆزۈمنى قاچان مەن تارتاي،
مۇشتاق① بۇ دىلۇ جانگە يەنە غەم ئارتاي.
بىر دەردكى، پەلەكنىڭ قەددىنى ئەتمىش ھەم،
دىل قالمىدى، دىل دەردىنى قانداق تارتاي؟

### 126

ھەردەمدە سالار بۇ چەرخ كۆڭلۈمگە تۈگۈن،
پاكلىقنى ئۇ ئەيلەر تەقىپ لەھزە سايىن.
بىر قەترە بۇ قان، تەگرى ھەققى سۆزلە ئۆزۈڭ،
بۇ ھادىسىلەرگە قانداق چىداش مۇمكىن؟!

### 127

كىممۇ مەندەك ئىشق ئىچرە بىچارە بولۇر؟
كۆڭلۈم كەبى قايسى كۆڭۈل ئاۋارە بولۇر.
دەردىمنى ئەگەردە مېنىڭ بىر زەررەسىنى
تاغ چەكسە، ئۇنىڭمۇ كۆكسى مىڭ پارە بولۇر.

### 128

ناكەس كىشلەردىن بۇ دىلىمدا غەمدۇر،
ئۆلمەككە رازىمەن، چۈنكى ھۆھبىتى ماتەمدۇر.
ناكەس كىشلەر بىلەن بېھىشكە چۈشسەم،
دوزاخ تىلىگۈم، ئۇندا ئۇقۇبەت كەمدۇر.

### 129

ناكەس بىلەن نان يېسەم ئەگەر قان بولغاي،
سېسىق سۆزىدىن تەبئ ئۆيى ۋەيران بولغاي.
بىر لەھزە يېنىدا ئولتۇرۇش بىريانۇ،
ئۇ يەتتە جەھەننەم ئوتى بىريان بولغاي.

### 130

بىچارىنىڭ بىر ھاجىتى بولمايدۇ راۋا،
ئاشىققا بېرەر ۋەدەيۇ قىلمايدۇ ۋاپا.
غەم شۇكى، مېنى تەنھالىق گۇشەسىدە،
قويماس سىرە ئۆز غېمىم بىلەن بۇ نېمە جاپا؟

### 131

دۇنيائى تۆۋەن نېمە؟ زۇلۇم دەرگاھى،
ھەربىر قەدىمىگەدە مىڭ ئۆلۈكلەر ئاھى.
گەر پۇل بولسا، ئۇ شادلىق بەدەل بولماس،
گەر يوق بولسا، تەخت بارچەگە ئۆلۈم چاھى.

### 132

قايسى كىشى پەسكەش دۇنيا يولىغا چۈشەر،
پىرئەۋن كەبى دوزاخ تورىغا چۈشەر.
ئىتلارغا ماكان، چۈنكى بۇ مۇردار دۇنيا،
دىل بەرسە مۇردارغا كىم ئىتتىن بەتتەر.

### 133

دەريايۇ جاھان سۇدا قۇرارلەر تەختىنى،
بەدبەخت كىشلەر شۇندا كۆرەرلەر بەختىنى.
ھەر زەررە بۇ تۇپراق ئەسلىدە باشتۇر،
جاھىل قوۋۇم ئويلىماي ئۇرارلار رەختىنى.

### 134

بىلسەڭ بۇ جاھان باشتىن ـ ئاياغ دۇتتۇر،
مەۋجۇت نېمە بولسا، ئۇ فانا زۇد②تۇر.
نابۇد ئىدى، چۈنكى ھەربىر بۇد③ ئەسلى ئەزەل،
بۇد بولدىمۇ، بەس، بىر كۈنى نابۇدتۇر.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

---

① مۇشتاق ـ ئىنتىزار.
② زۇد ــ تېز، تېزلىكتە.
③ بۇد ــ بارلىق، مەۋجۇدلۇق.

زەمىر سەئدۇللازادە

# كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى «ماددەئى تارىخ» توغرىسىدا

مادده (ماده) سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى «ماتېرىيال، ئەسل، مەنە ياكى مەلۇم مەنە ئىپادىلەيدىغان ئەسل» دېگەنلىكتۇر. تارىخ (تاريخ) سۆزى لۇغەت مەنىسىدە «ئۆتمۈش، ئۆتكەن كۈنلەر، بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ پەيدا بولغان ياكى يوقالغان ۋاقتى» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىككى سۆز بىرلەشكەندە «ۋاقىتنىڭ ئاساسى، مەلۇم خاتىرە ئەھمىيىتىگە ئىگە ۋاقىت» دېگەندەك ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. بالاغەت ئىلمىدە ئىشلىتىلىدىغان «ماددەئى تارىخ» ئاتالغۇسى بۇ ئىككى سۆز بىرلىكتە ئىپادىلىگەن مەنىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئاددىي كالېندار ھېسابى ياكى ئەبجەد ھېسابى بويىچە مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر، خاتىرە ئەھمىيىتىگە ئىگە ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ يۈز بەرگەن زامانىنى سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىي ياكى تارىخىي ئەسەرلەردە كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ دۇنياغا كەلگەن ياكى دۇنيادىن ئۆتكەن كۈنى، شاھلارنىڭ تەختكە ئولتۇرغان ياكى تەختتىن چۈشكەن، زور ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ يۈز بەرگەن زامانى، داڭلىق ئىمارەتلەر ياكى ئىنشائاتلارنىڭ بەرپا بولغان، كىتابلارنىڭ يېزىلغان ياكى تۈزۈلگەن ۋاقتى دېگەنگە ئوخشاش خاتىرە ئەھمىيىتىگە ئىگە كۈنلەرنى ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق كۈنلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابى ياكى ئاددىي كالېندار ئاساسىدا مەلۇم سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلىنىشى بالاغەت ئىلمىدە ماددەئى تارىخ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەدەبىي ياكى تارىخىي ئەسەرلەردە ماددەئى تارىخ قوللىنىش، يەنى خاتىرە ئەھمىيىتىگە ئىگە ۋاقىتلارنى سەنئەت شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈش خېلىلا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان، بۇ سەنئەت تۈرلۈك شەكىللەردە قوللىنىلغان. مەسىلەن، ئەڭ دەسلەپتە ماددەئى تارىخنى ئىپادىلەشتە ئەبجەد ھېسابى ئەمەس، بەلكى ئاددىي يىلنامىلەر تەرتىپى ئاساس قىلىنغان. باشقىچە ئېيتقاندا، دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىپادىلەنمەكچى بولغان ۋاقىت شۇ ۋاقىتلاردا قوللىنىلىۋاتقان كالېندار ئاساسىدا بولغان، يەنى بۇنىڭدا ئىپادىلەنمەكچى بولغان ۋاقىت «يىل مۇنچە بولدى ۋە پالانى ئايدىن مۇنچە كۈن ئۆتتى» دېگەندەك ئاددىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: كىسايى ئۆز تەرجىمىھالىنى ئاساس مەزمۇن قىلغان قەسىدىسىدە ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

به سېسەدۇ نەۋەدۇ يەك رەسىد نەۋبەتى سال،
چەھار شەنبىۋۇ سى رۇز باقى ئەز شەۋۋال. ①

يۇقىرىدىكى مىسالدا «يىلنىڭ نۆۋىتى ئۈچ يۈز توقسان بىرگە يەتتى، چارشەنبە ئىدى، شەۋۋال ئېيد-

دىن ئۈچ كۈن قالغانىدى» دېگەن شەكىلدە 391 ـ يىلىدىن ئىبارەت بولغان بۇ ۋاقىت ناھايىتى ئېنىق ۋە ئاددىي تەرزدە ئىپادىلەنگەن.

زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ۋاقىتنى تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەش مۇرەككەپ-لىككە يۈزلىنىپ، ئەبجەد ھېسابىغا كۆچكەن ۋە ئىخچام قويۇقراق بولغان سەنئەت تۈسىنى ئالغان. ئەبجەد ھېسابى بىلەن ۋاقىتنى ئىپادىلەش بەلاغەت ئىلمىدە ماددەئى تارىخى لەفزىي (شەكلى ماددەئى تارىخ) دەپ ئاتالغان.

ئەبجەد ھېسابىدا ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەربىر ھەرپ بىردىن ساننى ئىپادىلەيدۇ. ئەرەب ئېلىپبەسى جەدۋىلىدە جەمئىي يىگىرمە سەككىز ھەرپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىردىن سانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

| ھەرپ | ھەرپ نامى | ۋەكىللىك سانى | ھەرپ | ھەرپ نامى | ۋەكىللىك سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| ا | ئەلىف | 1 | س | سىن | 60 |
| ب | با | 2 | ع | ئەين | 70 |
| ج | جىم | 3 | ف | فا | 80 |
| د | دال | 4 | ص | ساد | 90 |
| ھ | ھا | 5 | ق | قاف | 100 |
| و | ۋاۋ | 6 | ر | را | 200 |
| ز | زا | 7 | ش | شىن | 300 |
| ح | ھا | 8 | ت | تا | 400 |
| ط | تا | 9 | ث | سا | 500 |
| ى | يا | 10 | خ | خا | 600 |
| ك | كاف | 20 | ذ | زال | 700 |
| ل | لام | 30 | ض | زاد | 800 |
| م | مىم | 40 | ظ | زا | 900 |
| ن | نۇن | 50 | غ | غەين | 1000 |

يۇقىرىدىكى ھەرپلەرنى مۇنداق بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈش مۇمكىن:

ئەرەب ئېلىپبەسى جەدۋىلىدىكى ئەلىف (ا) ھەرپىدىن (تا) ھەرپىگىچە بولغان ھەرپلەر بىر خانىلىق سانلارنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەرەب ئېلىپبەسى جەدۋىلىدىكى يا (ى) ھەرپىدىن ساد(ص) ھەرپىگىچە بولغان ھەرپلەر ئىككى خانىلىق سانلارنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەرەب ئېلىپبەسى جەدۋىلىدىكى قاف (ق) ھەرپىدىن زا (ظ ) ھەرپىگىچە بولغان ھەرپلەر ئۈچ خانىلىق سانلارنى ئىپادىلەيدۇ. ئاخىرىدىكى (غ) ھەرپىلا تۆت خانىلىق ساننى ئىپادىلەيدۇ.

ئۆگىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ھەرپلەر مۇنداق سەككىز سۆزگە يىغىنچاقلانغان:

1) ابجد (ئەبجەد)، 2) هوز (ھۆۋۋەز)، 3) هى (ھۇتتى)، 4) كلمن (كەلەمەن) 5) (سەئفەس)، 6) قرشت (قەرەشەت)، 7) (سەخخەز)، 8) (زەزەغ).

بۇ سەككىز سۆزنى تۆۋەندىكىدەك بىر بېيىت شەكلىگە كەلتۈرگەندە يادلاشقا تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ:

ئەبجەد ھۆۋۋەز ھۇتتى كەلەمەن،
سەئفەس قەرەشەت سەخخەز زەزەغ.

يۇقىرىدىكى سەككىز سۆزنىڭ تەركىبىدىكى ھەرىكە يەنى قىسقا سوزۇق تاۋۇش «ئە، ئۇ»نى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان تاۋۇشلار 1 دىن 1000 غىچە بولغان ساننى ئىپادىلەيدۇ. يەنى «ابجد، هوز، هى» دىن ئىبارەت ئۈچ سۆز بىردىن ئونغىچە بولغان سانلارنى؛ «كلمن، سەئفەس» دىن ئىبارەت ئىككى سۆز ئوندىن توقسانغىچە بولغان ئونلۇق پۈتۈن سانلارنى؛ «قرشت، سەئفەس، زەزەغ»دىن ئىبارەت بولغان ئۈچ سۆز، ئەڭ ئاخىرىدىكى «غ» ھەرپىنى ھېسابقا ئالمىغاندا يۈزلۈك پۈتۈن سانلارنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى سەككىز سۆزنىڭ لېكسىكا جەھەتتىن قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى توغرىسىدا تارىختا ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەرەب ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە قوراشتۇرۇلغان سۆزلەر بولۇپ، ئۆز تەرتىپى بويىچە ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلارنى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، كونكرېت مەنە ئىپادىلىمەيدۇ. پەقەت بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى سۆز يەنى «ابجد» دېگەن سۆز مۇشۇ خىل سان ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

ئەبجەد ھېسابى 12 ـ ئەسىردىن باشلاپ پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدا ۋە سەل كېيىنرەك تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. پارس تىلىدا ئەرەب ئېلىپبەسى جەدۋىلىدە مەۋجۇت بولمىغان تۆت ھەرپ (پ، چ، ژ، گ) ئارتۇق بولغاچقا، پارسچىغا قوبۇل قىلىنغان ئەبجەد ھېسابىدا بۇ ھەرپلەرگە ئايرىم شەرتلىك سانلار بەلگىلەنمەي، شۇلار بىلەن يېقىنراق ۋە ئەرەب ئېلىپبەسىدە مەۋجۇت بولغان ھەرپلەرگە تەۋە بولغان سانلار نىسبەتلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى تۆت ھەرپ ئۆز مۇرادىپلىرى بىلەن ئوخشاش ساننى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

پارسچىدىكى «پ» ھەرپى ئەرەبچىدىكى «ب» ھەرپىگە نىسبەتلەشتۈرۈلۈپ، «ب» ھەرپىگە ئوخشاشلا بىر خانىلىق سان بولغان 2 نى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارالغان. پارسچىدىكى «چ» ھەرپى ئىپادىلەيدىغان سان ئەرەبچىدىكى «ج» ھەرپى بىلەن ئوخشاش 3 دەپ قارالغان. پارسچىدىكى «ژ» ھەرپى ئەرەبچىدىكى «ز» ھەرپى بىلەن ئوخشاش بىر خانىلىق سان 7 نى، پارسچىدىكى «گ» ھەرپى ئەرەبچىدىكى «ك» ھەرپى بىلەن ئوخشاش ئىككى خانىلىق سان بولغان 20 نى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارالغان. بۇلاردىن باشقا، پارسچىدىكى كەسرەئى ئىزافە يەنى «ە» بەلگىسى هايى ھەۋۋەز (ه) بىلەن تەڭ قىممەتتىكى ساننى يەنى 5 نى، باغلىغۇ-

چى «كە» 25 نى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارالغان. «خواهر، خواجە»گە ئوخشاش تەركىبىدە «ۋاۋى مەئدۇلە» كەلگەن سۆزلەردىكى «ۋاۋ» (و) ھەرپى ئادەتتە تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ. لېكىن، ئەبجەد ھېسابىدا «ۋاۋ» ھەرپىمۇ ھېسابقا ئېلىنغان.

مەلۇم تارىخىي ۋەقە ياكى ئالاھىدە ساننى ئەبجەد ھېسابى ئارقىلىق ئىپادىلىگۈچىلەر ئۈچۈن شەرت شۇكى، يازغۇچى كۆڭلىگە پۈككەن ساننى ئىپادىلەش ئۈچۈن تاللىغان شەرتلىك سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى مەنە جەھەتتىن ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىغا چوقۇم ماس كەلگەن بولۇشى كېرەك. شۇندىلا شېئىرنىڭ گۈزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلغىلى بولىدۇ. ئابدۇرەھمان جامىينىڭ سەفەدۇددىن ئاتلىق ئوغلى قازا قىلغاندا جامى بىلەن ئۇزۇن يىللىق شاگىرت ـ ئۇستازلىق ۋە بۇرادەرلىك مۇناسىۋىتى بولغان نەۋائىي ئۇنىڭغا يازغان مەرسىيەسىدە «بقای خیات شما باد» (ھاياتىڭىزنىڭ داۋامى بولسۇن) دېگەن سۆزنى يېزىپ ئەۋەتىدۇ. بۇ سۆز مەنە جەھەتتىن ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنى بىلەن ئورگانىك بىرلىككە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە جامىينىڭ ئوغلىنىڭ قازا قىلغان ۋاقتىنى توغرا ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ بىرنەچچە سۆزنى ئەبجەد ھېسابى بويىچە يەشسەك مۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىمىز:

ب — 2، ق — 100، ا — 1، ى — 10، ـــ 8، ى — 10، ا — 1، ت — 400، ش — 300، م — 40، ا — 1، د — 4 = 880

جامىينىڭ ئوغلى ھىجرىيە 880 ـ يىلى قازا قىلغان.

ئەبجەد ھېسابىغا تايىنىپ مەلۇم تارىخىي ساننى ئىپادىلەش دەسلەپتە تەكەللۇپسىز، ساددىراق شەكىلدە بولغان. كېيىنچە، شەكىل قوغلىشىدىغان، سۆز ئويۇنىنى ياخشى كۆرىدىغان شائىرلار ئۇنى سۆز ئويۇنلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇ سەنئەتنىڭ نىسبەتەن مۇرەككەپ بولغان شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بەزىدە ماددەئى تارىخ، يەنى ۋاقىتنى سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلەشتە قەلب (قلب — تەتۈر ئۆرۈش) ئەمەلىدىن پايدىلىنىلغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىپادىلەنمەكچى بولغان شەرتلىك سان سۆزنىڭ ئۆز ھالەتتىكى شەكلى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەتۈر ئۆرۈلگەندىن كېيىنكى شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: «راهب» دېگەن سۆز شېئىر مىسراسىدا ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇ شۇ ئۆز ھالىتىدە سانغا ئۆرۈلمىگەن. پەقەت تەتۈر ئۆرۈلۈپ، «بهار» شەكلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن ئەبجەد ھېسابى بويىچە سانغا ئۆرۈلگەن. بۇنىڭدا بىلىشكە تىگىشلىك يېرى شۇكى، يۇقىرىدىكى ئىككى سۆز ھەر ئىككى خىل ھالەتتە 208 دېگەن ساننى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، بۇ ئىككى سۆز ئىپادىلەيدىغان لېكسىكىلىق مەنە پەرقلىنىدۇ. مەلۇمكى، ئۇنىڭدا سۆز ئويۇنى ئاساس قىلىنغان.


يەنە بەزى شائىرلار ئەبجەد ھېسابى بىلەن مەلۇم بىر ۋاقىتنى ئىپادىلەشتە، تەسھىف ئەمىلىدىنمۇ پايدىلانغان. تەسھىف ئەمىلى سۆزنىڭ تەركىبىگە مەلۇم بىر ھەرپنى قوشۇش ياكى ئۇنىڭدىن بىر ياكى بىرنەچچە چېكىتنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىش ياكى ئۇنى قىسقارتىش يولى بىلەن باشقا بىر سۆز شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «درد» (دەرد) دېگەن سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «ر» نىڭ ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇلسا «دزد» (دوزد يەنى ئوغرى) دېگەن سۆز بارلىققا كېلىدۇ. «شراب» (شاراب» دېگەن سۆزنىڭ تەركىبىدىكى ئۈچ چېكىت ئېلىۋېتىلسە «سراب» «سەراب يەنى ئىزنىتقۇ») دېگەن سۆز بارلىققا كېلىدۇ. «كتاب» (كىتاب) دېگەن سۆزنىڭ تەركىبىدىكى ئىككى چېكىتتىن بىرى قىسقارتىلىپ، يەنە بىرى سۆزنىڭ ئاستىغا يۆتكەلسە، «كباب» (كاۋاپ) دېگەن سۆز بارلىققا كېلىدۇ. «رەھمان» دېگەن سۆز ئەرەبچىدە كۆپىنچە «رحمن» شەكلىدە يەنى ئەلىفسىز يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ پارسچىدىكى ياكى چاغاتايچىدىكى شەكلى بولغان «رحمان» شەكلىدە يېزىلسا بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدىكى تەركىبىگە بىر ھەرپ قوشۇلغان بولى-

دۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەسھىف ئەمەلى بويىچە ياسالغان سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. ماددەئى تارىختىمۇ ئەبجەد ھېسابىغا تەسھىف ئۇسۇلى قوشۇپ قوللىنىلىپ، ئۇنىڭ خېلىلا مۇرەككەپ بولغان شەكىللىرى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن.

ئەبجەد ھېسابىنىڭ يۇقىرىدىكى شەكىللىرىگە قارىغاندا، تېخىمۇ مۇرەككەپرەك بولغان شەكلى بار. ئۇ بولسىمۇ ئەبجەد ھېسابىنىڭ مۇئەممما سەنئىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن شەكلىدۇر. بۇ خىل شەكىل بالاغەت ئىلمىدە «تەئمىيە» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. تەئمىيە شەكلىدىكى ماددەئى تارىختا ئىپادىلەنمەكچى بولغان سان تېپىشماقتەك يوشۇرۇن شەكىلدە بولىدۇ. مەسىلەن، بىرى لەتىف ئىسىملىك شەخسنىڭ ئومۇم ئۈچۈن ياسىغان بىر كۆلنىڭ پۈتكەن ۋاقتىنى «ازچوز لتيف اب بردار» يەنى «لەتىفنىڭ كۆلىدىن سۇ ئال» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ سۆزدە ئىپادىلەنگەن ئەبجەد ھېسابىدا يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەرپلەر ئىپادىلىگەن ئومۇمىي ساندىن «ئاب» يەنى سۇ دېگەن سۆز تەركىبىدىكى «ا» بىلەن «ب» ھەرپى ئىپادىلىگەن سان يەنى 3 نى ئېلىۋەتكىن، دېگەن مەنە چىقىدۇ. يۇقىرىدىكى ئەمەل بويىچە ئىشلەنسە لەتىف دېگەن شەخس ياساتقان كۆلنىڭ قاچان پۈتۈپ پايدىلىنىشقا تاپشۇرۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ماددەئى تارىخ ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان ئالاھىدە سەنئەت شەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭدا ئاپتور ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان ۋاقىت سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلەنگەچكە تەسىر كۈچىنى، گۈزەللىكىنى، خاسلىقىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ سەنئەت شائىرلارنىڭ ئىستىداتىنى، قابىلىيىتىنى، شائىرلىق ماھارىتىنى خېلىلا روشەن رەۋىشتە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ماددەئى تارىخ قەدىمكى ئەسەرلەر ئىچىدىكى بىزنى كۆپلىگەن تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدىغان مۇھىم بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەنئەت گەرچە ئاز ساندىكى بەزى شەكىلپەرەس شائىرلارنىڭ قولىدا ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ماددەئى تارىخ بىر سەنئەت سۈپىتىدە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگىدۇر.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



ئەلانۇر يۇسۇپ

# «كۇللىيات مەسنەۋىيى خاراباتىي» ۋە ئۇنىڭ ئىلھام مەنبەسى «ھەدىس»تە ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي ئەخلاقىي قاراشلار توغرىسىدا

مۇتەپەككۇر شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتىي (1638 — 1730) ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىنتايىن قالايمىقانلاشقان، خۇراپاتلىق ھەددىدىن ئاشقان، كىشىلەر نادانلىق، نامراتلىق دەستىدىن ئىڭراۋاتقان، بەگ ـ غوجاملار خەلقنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن بەند بولۇپ، خەلقنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىغان بىر دەۋردە — يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرى، خوجىلار زامانىسىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ يۇقىرى مەلۇماتنى بۇخارادا ئالغان بولۇپ، ئۇ يەردە ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام قانۇنلىرىغا دائىر ھەر خىل مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ مۇدەررىسلەر ۋە مەكتەپداشلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان، شۇنداقلا ئۇ ئوقۇش جەريانىدىكى ئەۋزەل شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ خاس كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا كىرىشكەن ھەم بەلگىلىك نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشكەن. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن دىنىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلمىي، ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. نەتىجىدە، جامائەت ئارىسىدا دانىشمەن، ئالىم سۈپىتىدە ئىززەتلەنگەن.

مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتىي ئەينى دەۋردە خېلى ئىلغار مەۋقەدە ۋە خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ جەمئىيەتنى كۆزەتكەن. قەلەمگە تايىنىپ تۇرۇپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولغان. ئۇنىڭ «كۇللىيات[1] مەسنەۋىي خاراباتىي» ناملىق ئەسىرى خاراباتىينىڭ ئىلغار ئىدىيىسىگە، ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىغا ۋە خەلقنى نادانلىق ئاسارىتى، ئەخلاقىي بۇزۇلۇش جاھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ياخشى ئەخلاقىي كەيپىياتنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈچلۈك پەندى ـ نەسىھەت خاراكتېرىگە ئىگە بولغان يىرىك ئەدەبىي مىراستۇر. بۇ ئەسەر ئەرۇز ۋەزنىنىڭ رەمەلى مۇسەددەس بەھرىدىكى مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان، ئەسەردىكى ھەربىر پىكىر، كۆزقاراش ئەدەبىي يول بىلەن ناھايىتى ئوبرازلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

خاراباتىي بۇ ئەسەردە دىننى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ئەينى دەۋر رېئاللىقىدىكى زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بولۇپ قالغان سەمىمىيلىك، كەمتەرلىك، راستچىللىق، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىغا قارا سانىماسلىق، مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇش قاتارلىق ئەخلاقىي پەزىلەتلەر، ئىنسانپەرۋەرلىك، مېھنەت سۆيەرلىك، ئىجادكارلىق قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلەر توغرىسىدىكى ئىلغار، ئىجابىي پىكىرلەرنى ئالغا سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەردىكى نەپسانىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك،

---

[1] كۇللىيات — ئاپتورنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرى توپلىمى دېگەن مەنىدە.

يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، تەمەخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق، مەنمەنچىلىك، شەھۋەتپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق بولمىغۇر ئىللەتلەرنى قاتتىق قامچىلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەسەردە ئادىل پادشاھ، غايىۋى جەمئىيەت كۆزقاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى دەۋرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ بۇزۇلغان ئەخلاق قورغىنىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ياخشى ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى تەشەببۇس قىلىدىغان نادىر ئەسەر دەپ باھالاشقا بولىدۇ.

مەن بۇ ماقالەمدە «كۇللىيات مەسنەۋىي خاراباتىي» ۋە ئۇنىڭ ئىلھام مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان ھەدىسلەردىكى بىر قىسىم ئەخلاقىي تەشەببۇسلار ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختىلىمەن. چۈنكى، ھەدىس ئىسلام دىنىدا قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك سۆزدۇر. ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئىگىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ۋە تەقرىراتلىرى بايان قىلىنغان. پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇش كەڭ تۈردە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان، جەملىدىن دىيارىمىزدا سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس قارىشى تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك سۆز دۇردانىلىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئىلھامى ئاساسىدا يېزىلغان «كۇللىيات مەسنەۋىي خاراباتىي»دىكى ئەخلاقىي تەشەببۇسلارنىڭ نۆۋەتتىكى رېئال ئەھمىيىتى ناھايىتى زور دەپ قاراشقا بولىدۇ.

خاراباتىنىڭ ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرى ئىچىدە كىشىنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەسلىك مەسىلىسى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ:

ھەر كىشىكىم قەستى دىل ئازاردۇر،
بىگۇمان ئاندىن خۇدا بىزاردۇر.

كىم كۆڭۈل ئاغرىتسە كۆڭلىن ئاغرىتۇر،
مالىكى دەۋزەخ ئانى قان يىغلاتۇر.

بىناۋالارغا كىشى كۆلپەت قىلۇر،
بىگۇمان تەڭرى ئاڭا لەئنەت قىلۇر.

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر گەرچە بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى دىنىي ئاڭ بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە مېھرىبان بولۇشقا، كۆيۈنۈشكە دالالەت قىلىدۇ.

ئوخشاشلا ھەدىسلەردىمۇ:

«دىلىغا ئازار بەرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ـــ دوزاخقا مەھكۇمدۇر».

«كىمكى بىرەر مۆمىنگە ئازار بەرسە، گويا ئۇ ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ، ماڭا ئازار بەرگەن ئاللاغا ئازار بەرگەن بولىدۇ».

«كىمكى ئۆز خىزمەتكارىنى ناھەق ئۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ».

«ھەقىقىي مۆئمىننىڭ قولىدىنمۇ، تىلىدىنمۇ مۆئمىنلەر ئازار يېمەيدۇ».

(«ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئائىت ھەدىسلەر توپلىمى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

«ئەبۇھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇركى، رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار ئارىسىدا كۆپۈرلۈققا يېقىن گۇناھى كەبىرلەردىن بىرى ــ نەسەبى سەۋەبلىك باشقىلارنى ھەقىر كۆرۈش (كەمسىتىش، كۆزگە ئىلماسلىق)».

«ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل ئېلىنىدىكى، جانابى رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەنىكەن: «سىلەردىن قايسىبىرىڭلار ناماز ئوقۇغان يەردە ئولتۇرۇپ قالساڭلار، چىقىپ كەتكۈچە پەرىشتىلەر سىلەر ھەققىڭلاردا دۇئادا بولىدۇ» ۋە «ئەي ئاللا، بۇ بەندەڭگە رەھىم قىلغىن، يائاللا بۇ بەندەڭنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىل. ئەي ئاللا، بۇ بەندەڭنىڭ تۆۋىسىنى قوبۇل قىلغايسەن !» دەپ (تىلەيدۇ.) شۇ شەرت بىلەنكى، ئۇ يەردە ئولتۇرغان كىشى بىراۋغا ئازار بەرمىسە ياكى تاھارىتى سۇنمىغان (بۇزۇلمىغان) بولسا» («رىيازۇس ـ سالىھىن» دىن ئېلىندى).

بۇ ھەدىسلەردىن ئوخشاشلا كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنىڭ ناھايىتى چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى، بىراۋغا ئازار بەرگۈچىنىڭ ئەمەلىيەتتە تەڭرىنىڭ ئەلچىسى بولغان پەيغەمبەرگە، جۈملىدىن تەڭرىنىڭ ئۆزىگە ئازار بەرگەن كىشى ھېسابلىنىپ، ھەقىقىي مۇئمىن مۇسۇلمان بولالمايدىغانلىقى، ناماز ئوقۇغاندا بىتاھارەت سانىلىپ ئاللا تەرىپىدىن تۆۋىسى قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى، شۇنداقلا مۇئمىنلەرنىڭ دىلىغا ئازار بەرگۈچىلەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا دوزاخقا مەھكۇم بولىدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ رەسۇلۇللا ئۈممەتلىرىنىڭ «دىلغا ئازار بېرىش»تىن ئىبارەت چوڭ گۇناھتىن ساقلىنىشى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىنغان بولسا، بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرىكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرى بولغان قوچۇ شېئىرلىرىنىڭ تەركىبىدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسىدىكى ھېكمەتلىك مىسرالاردىمۇ:

كىرىككەن تونلار كىرىن،
سوۋ ئۆزە يۇمۇش كەرەك.
سۆز كىرى كەتمەس يۇسا،
نەتىگىن قىلمىش كەرەك.

(كىر باسقان تونلار كىرىنى،
سۇ بىلەن يۇيۇش كېرەك.
سۆز كىرى كەتمەس يۇسا،
بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟)

دېيىش ئارقىلىق كىيىم ـ كېچەكتىكى كىرنى سۇ بىلەن يۇغىلى بولسىمۇ،ئەمما سۆز كىرىنى سۇ بىلەن يۇغىلى بولمايدىغانلىقى، شۇڭا سۆزلىگەندە تىلغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەسلىكنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

مەلۇمكى ئۇيغۇرلاردا كۆڭۈل ئاياش، باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىك، مېھرىبانلىق ۋە ئۆزئارا كۆيۈنۈش ئەڭ ياخشى ئەخلاق جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا «دىل ئازاردىن خۇدا بىزار» دېگەن ماقال بار. بۇ بىزگە خۇددى يۇقىرىدا تەكىتلەنگەنگە ئوخشاش بىراۋنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەن كىشىدىن

ئازار يېگۈچىلا ئەمەس، بەلكى تەڭرىنىڭمۇ نارازى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭقۇر ئىدىيەنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە «سۇغا سالسا سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى» دېگەندەك ھېكمەتلىك بايانلاردىن كىشى كۆڭلىنىڭ نەقەدەر نازۇك ئىكەنلىكى، كىشىنىڭ كىشىدىن كۆڭلى قالسا ئۇنى ئالتۇن بېرىپمۇ خۇش قىلغىلى ھەم رازى قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئادەتتە بىزدە ئۆيگە مېھمان كەلسە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىش، مېھماننىڭ ئالدىدا قوپال سۆزلەرنى قىلماسلىق، ھەتتا مىياڭلاپ كەلگەن مۈشۈكنىمۇ «پەش!» دېمەسلىك ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. ئەمما، بىر قىسىم كىشىلەر مۈشۈ قائىدىلەرنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ ھاجىتى چۈشكەن، كۆڭلىگە ياققان ئادەملەرگە خۇش مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۆزىگە دەماللىقتا پايدىسى تەگمەيدىغان ياكى كۆڭلىگە ياقمىغان ۋە ياكى كۆزىگە سىغمىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدۇ. ھەرگىزمۇ شۇ كىشىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قويۇپ كۆرمەيدۇ.

خاراباتىينىڭ ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا يېتىملارنى يىغلىتىش، يېتىمنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش ئەڭ چوڭ ئەخلاقسىزلىق ۋە ئىنساپسىزلىق دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن ئۇ:

بىگۇنا ھەركىم يەتىمنى يىغلاتۇر،
يەرۇ كۆك ۋە ئەرشى كۇرسى ئىرغاتۇر.

ھەركىشى كۆڭلىنى سەن ئاغرىتماغىل،
ئۆز قولۇڭ بىرلە ئۆزۈڭنى ئۇرماغىل.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق كىم يېتىمنى يىغلىتىدىكەن يەر ـ ئاسمان ۋە ئەرشى كۇرسىنى ـ تۈۋرۈكنى تەۋرەتكەندەك بولىدۇ. يېتىمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنى ئۇرغانلىق بىلەن باراۋەر دەيدۇ.

«سەھىھ ھەدىس»تە بولسا:

«قەلبىڭ مۇلايىم، ھاجىتىڭ راۋا بولۇشنى خالامسەن؟ خالىساڭ، يېتىملەرگە مېھرىبان بول، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلا، ئۆز تائامىڭدىن ئۇلارغا يېگۈز. شۇنداق قىلساڭ دىلىڭ يۇمشاپ، ھاجىتىڭ راۋا بولۇر».

«ئاللانىڭ نەزىرىدە ئۆيلەرنىڭ ياخشىراقى ــ يېتىملەر ئىززەت قىلىنىدىغان (ئاسرىلىدىغان) ئۆيدۇر».

«ئىككى زەئىپ تائىپىنىڭ، يەنى يېتىمنىڭ ۋە ئايالنىڭ ھەققىنى يېيىشنى سىلەرگە ھارام قىلىمەن».

«مەن يېتىمگە كېپىللىك قىلغان ئادەم بىلەن جەننەتتە بىللە بولىمەن».

«كىمكى ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ يېتىم بالىلىرى تاكى بويىغا يېتىپ، مۇستەقىل ھايات كەچۈرىدىغان بولغۇچە تەربىيە قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت مۇقەررەردۇر» («ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئائىت ھەدىسلەر توپلىمى» دىن ئېلىنغان).

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹كىمكى كۆيۈنگەنلىك يۈزىسىدىن بىر يېتىم بالىنىڭ بېشىغا قولىنى قويسا، ئاللاتائالا ئۇ ئادەمگە قولى تەگكەن ھەربىر چاچنىڭ باراۋىرىدە بىر قېتىم

ياخشىلىق قىلغانلىقىنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ،». («مىشكاتۇلمەسابىھ» ۋە «نۇسۇسى مۇختارە» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى).

يۇقىرىقى ھەدىسلەردە ئاللا تەرىپىدىن ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشىنى تىلىگەن كىشىنىڭ ئالدى بىلەن ئۇ خۇشال بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش لازىملىقى، يەنى ئاللانىڭ يېتىم بەندىلىرىگە مېھرىبان بولۇش، مۇمكىن بولسا ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس خانىلەرنى سېلىپ ئۇلارنى كۈتۈش، ئىززەتلەش تاكى ئۇلار بويىغا يېتىپ، مۇستەقىل ياشىيالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرگەنگە قەدەر، ئۇلارنى تەربىيەلەش، ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىك، ئۇلارنىڭ ھەققىگە شېرىك بولماسلىق لازىملىقى، شۇندىلا ئاللا ئۇنىڭغا ساۋاب ئاتا قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئالىي مەنزىلى بولغان جەننەتتىن ئورۇن بېرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ھەقىقەتەن، يېتىم دېمەك — ئىگە - چاقىسى يوق، بىچارە دېمەك؛ يېتىم دېمەك — ئاجىز دېمەكتۇر. ئۆزىدىن ئاجىزنى بوزەك قىلىش ئەڭ چوڭ ئەخلاقسىزلىقتۇر. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئۆزىدىن كۈچلۈككە قۇيرۇق شىپپاڭشىتىپ، ئۆزىدىن ئاجىزنى بوزەك قىلىدىغان نائەھلىلەرمۇ يوق ئەمەس. ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، تۇشمۇ تۇشتىن ۋەيران بولۇۋاتقان بەختسىز ئائىلىلەردىكى قارا كۆز نارەسىدىلەرمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. خېلى ئوقۇمۇشلۇق ئەر - ئاياللارمۇ قايتا نىكاھلانغاندا قارشى تەرەپنىڭ ئىقتىساد ۋە باشقا تەرەپلىرىنى ياخشى كۆرسىمۇ، ئەمما «ھەسەن ئاكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق دېگەندەك» ئۇنىڭ بالىلىرىنى قوبۇل قىلالمايدۇ. نەتىجىدە ئائىلىدىكى نۇرغۇن ماجىرالار ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق كىشىلەر ئادىمىلىك ئەخلاق نۇقتىسىدىن پەزىلەتسىز ئادەملەر دەپ قارالسا، دىنىي نۇقتىدىن دىيانەتسىز كىشىلەر قاتارىدا سانىلىدۇ.

خاراباتي يۇقىرىقى ئەخلاق تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىققا دالالەت قىلىدۇ.

ياخشىلىق قىلغىل، يامانلىق قىلماغىل،
ئۆز تېنىڭگە كۆپ ستەملەر قىلماغىل.

ئەي قاياشىم، ئىستەسەڭ بولماق ئەمان،
ياخشىلىق بىسيار قىل خەلقى جەھان.

خاراباتي شېئىرلىرىدا كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشمۇ ئاخىرى ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش بولىدۇ. بۇ دۇنيادا ئەزىز ۋە ئامان - ئىسەن ياشىماقنى تىلىگەن كىشى جاھان خەلقىگە ياخشىلىق قىلىشى لازىمدۇر دەيدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىستىمۇ:

«ئاللادىن قورق، ياخشى ۋە خەيرلىك ئىشلارنىڭ بىرەرىنى كىچىك ھېسابلىما. سۇ سورىغان كىشىنىڭ قاچىسىغا چېلەكتىن سۇ قۇيۇپ بېرىش بىلەن ياكى بۇرادەرىنى ئوچۇق چىراي قارشى ئېلىش بىلەن بولسىمۇ، ياخشىلىق قىلىڭلار».

«سىلەر ئادەملەرنى مال - دۇنيالىرىڭلار بىلەن مەمنۇن قىلالمايسىلەر، بەلكى ئوچۇق چىراي ۋە ياخشى خۇلقىڭلار بىلەن مىننەتدار قىلىشىڭلار مۇمكىن».

«تىكىش نىيىتىدە قولىڭىزدا كۆچەت تۇرغان پەيتتە، تۇيۇقسىز قىيامەت قايىم بولۇپ قېلىشى ئېنىق

بولغاندىمۇ ئۇلگۇرسىڭىز، ئۇنى تىكىۋېتىڭ!

«بۇرادىرىڭلارغا خاھى ئۇ زالىم بولسۇن، خاھى مەزلۇم بولسۇن، ياردەم بېرىڭلار. سوراشتى: «مەزلۇمغىغۇ ياردەم بېرىمىز، زالىمغا ياردەم بەرسە قانداق بولىدۇ؟» جاۋاب بەردىكى: «ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توختىتىپ قالسىڭىز، شۇ ئۇنىڭغا قىلغان ياردىمىڭىز بولىدۇ»».

«روزا، ناماز ۋە سەدىقە قىلىشتىنمۇ ئەۋزەل ئەمەلدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇ ئىككى كىشىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشتۇر».

«سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئائىلە ئەزالىرىغا خوش مۇئامىلىدە بولىدىغانلاردۇر».

«تۇل خوتۇنلارغا ۋە مىسكىن بىچارىلەرگە ياردەم بەرگۈچى كىشى گويا ئاللا يولىدا جىھاد قىلغۇچى ياكى كېچىدە ئىبادەت قىلغۇچى، كۈندۈزى روزا تۇتقۇچىلار بىلەن باراۋەردۇر».

«بىر سائەتلا ئىلىم ئۆگىنىش بىر كېچىلىك ئىبادەتتىن ياخشى، بىر كۈنلۈك دەرس بولسا، ئۈچ ئاي تۇتۇلغان نەپلى روزىدىن ياخشىدۇر».

«يولدا ياتقان تىكەن شاخلىرىنى ئېلىپ تاشلىغان ئادەمنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى ئاللا كەچۈرىدۇ».

«بىر پاھىشە ئايال چوڭقۇر قۇدۇق بېشىدا ئۇسساپ، ئۆلەي دەپ تۇرغان ئىتقا ئايىغىدىكى ئۆتۈكنى يېشىپ، ئۇنىڭغا روملىنى باغلاپ، قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. بۇ ئىش بەدىلىگە ئاللا ئۇنىڭ گۇناھىدىن كېچىپتۇ».

«باشقا چۈشكەن مۇسىبەتلەرنى، ئۆزىدىكى كېسەللىكلەرنى ۋە قىلغان خەير ـ ئېھسانىنى يوشۇرۇش ـ ياخشىلىق خەزىنىلىرىدىندۇر».

«كىمكى كۆزى ئاجىز ئادەمنى قىرىق قەدەم يېتەكلىسە، جەننەتكە كىرىشى ئېنىق».

«كىمنىڭ ئىمانى ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە سادىق بولسا، قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن، مېھماننى ئىززەت ـ ئىكرام قىلسۇن ۋە سۆزلىسە پايدىلىق سۆز قىلسۇن ياكى جىم يۈرسۇن».

«بىراۋنى ياخشى يولغا باشلاپ قويغان ئادەمگىمۇ ئاشۇ يولغا (ياخشى يولغا) ماڭغان ئادەم ئېلىدىغانچىلىق ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ».

«ئادەملەرگە پايدىسى كۆپرەك تېگىدىغان كىشى — ئادەملەرنىڭ ياخشىراقىدۇر».

(«ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئائىت ھەدىسلەر توپلىمى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى مۇسۇلمان بۇرادىرىگە ياخشى كۆرمىگۈچىلىك كامىل مۆمىن بولالمايدۇ».

(«مىشكاتۇلمەسابىھ» ۋە «نۇسۇسى مۇختارە» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

«رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: «ياخشى سۆزگە سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ».

«ئەنەس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللانىڭ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولۇپ، باشقىلارغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى»».

(«رىيازۇس ـ سالىھىن»دىن ئېلىندى)

يۇقىرىقى ھەدىسلەردە ئېيتىلغاندەك، ياخشى ـ خەيرلىك ئىشلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق. دەرۋەقە، بىراۋنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، كىشىلەرگە خوش مۇئامىلىدە بولۇش، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، باشقىلارنى ياخشى يولغا باشلاپ، يامان يولدىن توسۇش، ئازارلىنىپ قالغان كىشىلەرنى

ياراشتۇرۇپ قويۇش، تۇل خوتۇن ۋە مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، ئاجىز ـ مېيىپلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش، ئىلىم ـ ھۈنەر ئىگىلەش، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئىشلارنى يوشۇرۇش، خەير ـ ئېھسانىنى پىنھان تۇتۇش، مېھماندوست بولۇش، قوشنىلار بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈش، باشقىلار خوش بولىدىغان سۆزلەرنى قىلىش، ئۆزى ئېرىشكەن خەيرلىك ئىشلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىغىمۇ تىلەش قاتارلىق ئىسىل پەزىلەتلەر ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە ئىماننى كامىللىقنىڭ ئىپادىسى بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇ ياخشىلىقلارنى قىلىش ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كىلىۋەرمەيدۇ، يەنى ھېچقانداق پايدا ـ مەنپەئەتى تەگمىگەن ھالدا ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ بەرمەيدۇ. بىرەرسى باشقا بىرسىنى يامان يولدىن توسۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئەتراپىدىكى ئىشلارغا نىسبەتەن كۆزىنى يۇمۇپ، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئازارلىنىپ قالغان كىشىلەرنى ياراشتۇرۇشقا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك. ئۇلارچە ئاجىز ـ مېيىپ كىشىلەرگە يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، ئۇلارنى يۆلەپ مېڭىش ئۆز كۈرسىنى چۈشۈرگەنلىك، ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىپ، ئىجتىھات قىلىش چىقىش يولى تاپالماي ئىلاجسىز قالغانلىق، يوقسۇزلارغا خەير ـ ئېھسان قىلىش ئۆز بايلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋېلىش، بېرىش ـ كېلىش ۋە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بولسا، ئۆزئارا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش ۋە مەنمەنچىلىك قىلىش سورۇنىدىن ئىبارەت، خالاس.

خاراباتىينىڭ ئەخلاقىي قارىشىدا ئۇنىڭ كىشىلەرنى ھايالىق بولۇشقا، ھاۋايى ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمەسلىككە ئۈندەش بىرقەدەر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. ھايا ـ نومۇسلۇق ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ئىزا تارتىش ھېسسىياتى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەخلاق قارىشىدا ھايا ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ھېسابلانسا، ھاياسىزلىق ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئانىسى ۋە ئەخلاقنىڭ خاراب بولۇشىنىڭ يىلتىزى دەپ قارىلىدۇ:

بولماسە كىمدە ھەيا بىشەرمىدۇر ①،
يۈزلەرى ئانىڭ گۇيا بىچەرمىدۇر ②.

بىھەيالاردىن ۋەفا كۆز تۇتقانىڭ،
گۇيىيا ئاغزىڭدە ئوتنى تۇتقانىڭ.

يۇقىرىقى مىسرالاردا خاراباتى ھاياسىزلاردىن قەتئىي ۋاپا كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا نومۇس يوق دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ھەمدە كىشىلەرنى ھاياسىزلاردىن ۋاپا تەمە قىلىش خۇددى چوغنى ئېغىزىڭدا تۇتقاندەك ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ھەدىستىمۇ ئوخشاشلا:

«ئاۋۋالقى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئادەملەردە قالغىنى: ‹ئۇيالمىساڭ، خالىغان ئىشنى قىلىۋەر!›»

① بىشەرمىدۇر — نومۇسسىزدۇر. ② بىچەرمىدۇر — تېرىسى يوقتۇر.

«بارچە ياخشىلىق — خۇلقى خۇشلۇقتىدۇر. بارچە گۇناھ ۋە يامانلىق — دىلدىكى غەشلىك ۋە ئۇياتلىق ئىشتىدۇر».

«ھايانىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ياخشىدۇر».

«ھايا ئىمان، ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ».

«ھايا - ئىمان دېمەكتۇر».

«ھايا بىلەن كەم سۆزلۈك ئىماننىڭ ئىككى قىسمىدۇر. ئۇياتسىزلىق ۋە كۆپ گەپ قىلىش — مۇناپىقلىقنىڭ ئىككى قىسمىدۇر».

«پاھىشە ھەرقانداق نەرسىنى بۇزىدۇ، ھايا ھەربىر نەرسىگە زىننەت ئاتا قىلىدۇ».

«كىمكى ئادەملەردىن ھايا قىلمىسا، ئۇ تەڭرىدىنمۇ ئۇيالمايدۇ».

(«ئەدەپ - ئەخلاققا ئائىت ھەدىسلەر توپلىمى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.)

دەرھەقىقەت، ھەرقانداق دىنىنىڭ ئەخلاقى بولغىنىدەك، ئىسلام دىنىنىڭمۇ ئەخلاقى بار، ئۇ بولسىمۇ ھايادۇر. ھايا قىلىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ھايالىق بولۇشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى، ھايا كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، يامان ئىشلاردىن يېنىشقا ئۈندەيدۇ. ئەكسىچە ھاياسىزلىق بارچە گۇناھ ۋە يامانلىقنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ھاياسىز ئادەم دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچلۇق ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بىزدە ئادەتتە: «ھايا يوق يەردە، ئىمان يوق»، «كىشىدىن ھايا كەتسە، ئورنىغا بالا كېلەر» دەيدىغان ماقال بار. ھايا بولمىغان ئادەمدە ئىنساپ بولمايدۇ، نومۇس بولمايدۇ، ۋىجدان - غورۇر بولمايدۇ، ھاياسىز ئادەم ھەرقانداق رەزىللىكنى قىلىشتىن تەپ تارتمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خاراباتىي ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىدا ھايانى ئالاھىدە تەكىتلەپ، كىشىلەرنى ھايالىق بولۇشقا، ھاياسىزلاردىن ئۆزىنى تارتىشقا ئۈندىگەن.

خاراباتىينىڭ ئەخلاق قارىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى شۇكى، ئۇ مۇناپىقلىقنى ئىنتايىن قارىلايدۇ ۋە مۇناپىقلىق ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆزى خورلىغانلىقى ۋە ئىنسانلارغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىك دەپ تونۇيدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۆز ئەسىرىدە مۇناپىقلىقنىڭ مۇنداق بىر قانچە تۈرلىرىنى بايان قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ:

ئالدى بىلەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش مۇناپىقلىقنىڭ بىر تۈرى دەپ قارايدۇ.

نەچچە ئىشلار بىل مۇنافىقلار ئىشى،
قەسد ئىلە گەر ئانى قىلسا ھەر كىشى.

ۋەدىسىگە قىلماغاي ھەرگىز ۋەفا،
كۆڭلىدە يوقتۇر ئانىڭ سىدقۇ سەفا.

ئۆز قېرىنداشلىرىغا كۆلپەتلەر كەلتۈرگەن، ساتقۇنلۇق قىلغان ھەم ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلارنى مۇناپىقلارنىڭ يەنە بىر تۈرى دەپ قارايدۇ:

ھەم مۇسۇلمانغا كەسافەتلەر قىلۇر،
ھەم ئامانەتكە خىيانەتلەر قىلۇر.

ئاپتور يۇقىرىقى كۆزقاراشلىرىنى كونكرېت بايان قىلغاندىن كېيىن كىشىلەرنى مۇناپىقلاردىن ھوشيار بولۇشقا، ئۇلار بىلەن ئارىلاشماسلىققا دالالەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ كىم مۇناپىقلار بىلەن ھەمراھ بولسا ئۇمۇ ئوخشاشلا گۇناھكار، ئازغۇچى ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ:

كىم مۇنافىق بىرلە گەر ھەمراھدۇر،
ئاڭلاغىل ھەر ئىككىسى گۇمراھدۇر. (ئازغۇچى)

يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ئاخىرىدا ئاپتور ئۆزىنى ۋە كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

غافىلا، ئۆمر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
قىلغاسەن تۈن ـ كۈن مۇنافىقتىن ھەزەر.

دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرنى مۇناپىقلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە دەۋەت قىلىدۇ.

ھەدىستە:

«مۇناپىقلىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ: يالغان سۆزلەش، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلىش».

«ئاللانىڭ نەزەرىدە ئەڭ ياخشى گەپ — راست گەپتۇر».

«ئىمانى بار ئادەم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ».

«ئامانەتنى ساقلاپ، ۋاقتىدا قايتۇرۇش كىشىنىڭ رىزقىنى زىيادە قىلىدۇ. ئامانەتكە خىيانەت قىلىش بولسا، قاشاقلىق كەلتۈرىدۇ».

«راستگۇيلۇقتا خەۋپ ـ خەتەر كۆرۈنسىمۇ راست سۆزلەڭلار. شۇندا نىجات تاپىسىلەر. گەرچە پايدا كۆرۈپ تۇرغان بولساڭلارمۇ يالغاندىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى بەربىر يالغاننىڭ ئاخىرى ھالاكەتتۇر».

«ئىنسان سۆزلىگەن ھەربىر يالغان سۆزى ئۈچۈن ئۇنىڭغا گۇناھ يېزىلىدۇ. ئۈچ خىل (يالغان سۆز) بولسا، بۇنىڭدىن مۇستەسنا: بىرىنچى، ئۇرۇشتا، چۈنكى ئۇرۇش ھىيلە ـ مىكىرسىز بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، ئەرنىڭ خوتۇنىغا مۇرەسسە ئۈچۈن ئېيتقان يالغان سۆزى؛ ئۈچىنچى، ئازارلاشقان ئىككى كىشىنى مۇرەسسە، سۈلھى قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان يالغان سۆز».

«كىشى ۋاپا قىلىش نىيىتى بىلەن ۋەدە بەرگەن بولسا ـ يۇ، ئۇنى بىجىرەلمىسە بۇ ۋەدىنى بۇزغانلىق بولمايدۇ. ئەمما، ۋاپا قىلماسلىق نىيىتى بىلەن ۋەدە بەرسە بۇ ئەيىنى خىلاپتۇر».

«مۇئمىنلەر كېلىشىلگەن شەرتنامىلەرگە قەتئىي رىئايە قىلىدۇ».

«ھىيلە ـ مىكىر ۋە خىيانەتنىڭ جايى دوزاختۇر».

«مۇئمىن كىشىنىڭ ياخشى نىيىتى قىلغان ئەمەلدىنمۇ ئەۋزەل، مۇناپىق كىشىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمىلى دىلدىكى يامان نىيىتىدىن ئەۋزەلدۇر. ھەربىر كىشى ئۆز نىيىتىگە قاراپ ئىش تۇتىدۇ. مۇئمىن كىشى قاچان بىرەر ئەزگۇ (ياخشى) ئىش قىلسا، دىلى روشەنلىشىدۇ».

«ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچىدا ئىمان يوق، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ئادەمدە دىيانەت يوق».

«مۇئمىن كىشى بىراۋنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلمايدۇ».

(«ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئائىت ھەدىسلەر توپلىمى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

«ئەبۇھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇركى، رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: «يالغان قەسەم — سودىنىڭ بازىرىنى چىقىرىدۇ، لېكىن بەرىكىتىنى كەتكۈزىدۇ».

(«رىيازۇس ـ سالىھىن»دىن ئېلىندى.)

مۇناپىق دېيىلگەندە، تىلى باشقا، دىلى باشقا، سۆز ـ ھەرىكىتى بىر ـ بىرىگە توغرا كەلمەيدىغان، لەۋزىدە تۇرمايدىغان، سەممىيەتسىز، ئىككى يۈزلىمە، قارا يۈز، ۋىجدانسىز، خىيانەتكارلار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە كىشىلەر مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئۆز ۋەدىسىنى ئورۇنداشقا ئىلاجسىز قالسا بۇ باشقا گەپ، ئەمما يوقىلاڭ باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، قىلغان لەۋزىدە تۇرماي، قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك كۆزىنى يۇمۇپ ئۇلتۇرۇۋېلىش ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بىراۋنىڭ ئامانىتىنى ساقلاپ، ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىش ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانىدا ناھايىتى ئېسىل پەزىلەت ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە كىشىنىڭ ئامانىتىگە قارا سانايدىغان قىزىلكۆز كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇنداق كىشىلەر ئىنسانىي خىسلىتىنى يوقاتقان ئىمانسىز، دىيانەتسىز كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئىگىلىۋالغانلىرى ۋاقتىنچە ئۇلارنى خۇش قىلسىمۇ، ئەمما ئەلمىساقتىن بۇيان، بىر كىشىنىڭ ھەقتى ئىككىنچى بىر كىشىگە سىڭگەن ۋە قۇتاتقان ئەمەس. بۇ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغان ھەقىقەت! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، راست سۆزلەش، ھەقىقەتنى ياقىلاشمۇ ئەڭ يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت. گەپلەرنىڭ يامىنى يالغانچىلىق بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى ئەخلاقسىزلىققا، ياۋۇزلۇققا باشلايدۇ.

بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاچچىق بولغان تەقدىردىمۇ ھەقىقەتنى سۆزلىگىن».

«ئەڭ ئەۋزەل جىھاد زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز ھەق گەپ قىلماق».

(«مىشكاتۇلمەسابىھ» ۋە «نۇسۇسى مۇختارە» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

بۇ ھەقتە شائىر خاراباتىيمۇ:

راستگۆي ئىككى جەھان ئېھسان تاپار،
بىل ئاخىر ئەلبەتتە ئول ئىمان تاپار.

بولماغاي يالغانچى لەئنەتتىن خەلاس،
بولماغاي يالغانچى كۇلفەتتىن خالاس.

دېيىش ئارقىلىق راستچىل ئادەم ئىككىلا دۇنيادا ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە يالغانچى، مەلۇم مەزگىل يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەپ يۈرۈپ ئاقىۋەتغان تەرىگە يارىشا ئاز ـ تولا نەپكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زىيانغا ئۇچرىغۇچىلار تەرىپىدىن قاتتىق قارغىشقا ھەم لەنەتكە دۇچار بولىدۇ. شۇڭا، كىمكى باشقىلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشمەكنى ئويلىسا، تىلىنى يالغان سۆزلەشتىن يىغىش لازىم دېگەن ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان.

خاراباتىينىڭ ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇ كۆپ يېيىش، كۆپ دېيىش، يەنى كۆپ سۆزلەشنىمۇ ئەخلاقسىزلىق نۇقتىسىدىن ئەيىبلەپ. بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرالارنى تىزغان:

كۆپ تائام نەفسىگە بەرمەكلىك ۋەبال،
بەرسە قىلدۇرغاي سېنى فىسقۇ زەلال.

كۆپ يېگەن بىرلە كىشى بولماس كىشى،
تاپماغاي رەۋنەق ئانىڭ قىلغان ئىشى.

كۆپ يېگەنلەر تاپماغاي ھەرگىز كەمال،
كۆپ يېگەنلەر كۆرمەگەي ھەرگىز جامال.

قايسى ئەلدە گەپ تولادۇر بەركە ئاز،
قايسى ئەلدە ئىش تولادۇر بەركە ساز .

ئەي بەرادەر ئۆتتى ئۇمرۇڭ بىخەبەر،
ھەر كىشى كۆپ سۆزلەسە تاپقاي زەرەر.

كەم يېسە كۆڭلىدە بولغاي ئىلىم مال،
كۆپ يېسە بولغاي ئانىڭ جىسمى زەۋال.

«ھايۋان تۇياقتىن، ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ» دېگەندەك، ئادەم كۆپ يېگەن بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆپ ئىلىم بىلەن ھەقىقىي ئادەمىيلىك ئىقتىدارىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ. ھەقىقەتەن كۆپ يېيىش بىر تەرەپتىن تەننىڭ ساقسىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تۇرمۇشقا خاتىرجەمسىزلىك ۋە بەختسىزلىك ئېلىپ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن گالغا بولغان پەۋقۇلئاددە ھېرىسمەنلىك ئىنساندا ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك ۋە تەمەخورلۇقتىن ئىبارەت مەنىۋى چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ھەدىستە:

«ئۇممەتلىرىم ئۈچۈن ئەڭ قاتتىق قورققان تەرەپلىرىم: قورساق سېلىپ سەمرىش، كۆپ ئۇخلاش، ھورۇنلۇق ۋە ئېتىقادى سۇسلىشىپ كېتىشتۇر».

«ئىنسانغا بىر ۋادىغا تولغۇچە مال ـ دۇنيا بېرىلسە، ئۇ ئىككىنچى ۋادىنىڭمۇ بېرىلىشىنى خالايدۇ. ئىككىنچىسىدىن كېيىن ئۈچىنچىسىنى ..... دېمەك، ئۇنىڭ نەپسى تويمايدۇ. ئىنساننىڭ كۆزىنى پەقەت تۇپراق (قەبرە توپىسى)تويدۇرىدۇ. كىمكى توۋا قىلسا، ئاللا ئۇنى كەچۈرىدۇ».

«بايلىق مال ـ دۇنيانىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى نەپسىنىڭ توقلۇقى بىلەندۇر».

«بەندىنىڭ مال ـ دۇنياغا بولغان ھېرىسى ئىككى ئاچ بۆرىنىڭ قوي پادىسىغا قىلغان تاجاۋۇزىدىن زىيانلىقراقتۇر. چۈنكى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز دىنى ــ ئىمانىغا زەخىم يەتكۈزىدۇ».

«ئادەم بەدىنىدە قېرىنىدىن (ئاشقازاندىن) يامانراق ئىدىش (قاچا) يوقتۇر. ئىنسان بىرنەچچە لوقما تاماق يېيىش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. ئەگەر زۆرۈر بولسا، قېرىنىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى غىزاغا، يەنە ئۈچتىن بىرىنى سۇغا، قالغان ئۈچتىن بىرىنى نەپەس ئېلىشقا ئاجراتسۇن».

(«ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئائىت ھەدىسلەر توپلىمى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

«ھەزرىتى شەدداد ىبنىنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىلدۇركى؛ رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەنىكەن: ئەقىللىق ئادەم شۇكى، ئۇ ئۆز نەپسىنى ھالاكەتتىن ساقلاپ، ئاخىرەت ئۈچۈن مېھنەت قىلىدۇ. ئەقىلسىز ئىنسان شۇكى، ئۇ نەپسىنى ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىپ، خۇدادىن

ھەر خىل ئارزۇلارنى تەلەپ قىلىشۋېرىدۇ». («رىيازۇس ــ سالىھىن »دىن ئېلىندى).

نەپس ــــ ئادەتتە مۇنداق ئىككى خىل مەنىنى بېرىدۇ. بىرى، كىشىلەردىكى يېيىش ــ ئىچىش، مال ــ دۇنياغا بولغان ھەۋەس، قىزىقىش. يەنە بىرى، شەھۋانىي ھەۋەس، تەلەپ. «نەپسى بالا، ھەر كويغا سالا !» دېگەندەك، كىشى ئاخىرقى ھېسابتا پۇشايمانغا دۇچار بولۇشتىن ساقلىنىشنى ئويلىسا، ھەر قاچان ئۆز نەپسىگە «ھاي !» بېرىشكى لازىم. نەپس ــــ ئىنسان بىلەن ھايۋاننى ئايرىشتىكى بەلگىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەم ئۆز نەپسىدىن غالىب كەلسە ئۇ ھەقىقىي ئىنسان بولىدۇ؛ ئەگەر ئادەمنىڭ نەپسى غالىب كەلسە،ئۇنداقتا ئۇ ــــ ئادەم سۈرەتلىك ھايۋان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، خاراباتىيمۇ نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنى ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان:

نەفس بىر ئىتدۇركى سەمرىتمە ئانى،
ئول سېمىز بولسا ئالىپ ئۇرغاي سېنى.

خاراباتىينىڭ ئىلغار ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرى ئىچىدە يەنە، كىشىلەرنى تەمەدىن خالىي بولۇشقا ئۈندىگەن بايانلىرىمۇ خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. چۈنكى، تەمە مەنىۋى قۇللۇقنىڭ ئانىسى بولۇپ، تەمەگەر ئادەم ئەركىن بولالمايدۇ. ئۇ باشقىلار خارلىسىمۇ، ھاقارەتلىسىمۇ سۈكۈت قىلىدۇ. شائىر شۇڭا بۇنداق مەنىۋى پۇچەكلىكنى پاش قىلىپ مۇنداق دېگەن:

سەن كىشىنىڭ نانىغە ئۇلاشماغىل،
ئاشۇ نان جەھەتىدىن مۇڭداشماغىل.

ئول يېگەن مۇرداردۇر سەن بىر چىبىن،
بۇ ئىشىڭ تەرك ئەيلەگىل مۇندىن كېيىن.

دېمەك، ئاپتور تەمەدە بىر كىشى بىلەن مۇڭدىشىش باشقىلارنىڭ نېنىنىڭ تەمەسىدە بولۇش، خۇددى چىۋىننىڭ مۇردىغا ئولاشقىنىدەك بىر ئىش. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشنى تاشلىغىن دېيىش بىلەن بىرگە، نەپسى تەمەسىدە ۋەزخانلىق قىلىدىغان ۋاھىزلارنىمۇ ئاچچىق تىل بىلەن قامچىلايدۇ:

گەر كىشى ۋەئزىن تەمەدىن ئەيلەسە،
بولغۇسىدۇر ئاقىبەت ئول ئەنبەسە.

گەر تەمەئدىن قىلسە ۋائىزلار سىفەت،
بىگۇمان دەۋزەخ ئاڭا بولمىش ۋەتەن.

سەن تەمەدىن ئۇرماغىل خەلق ئىچىدە دەم،
ئىككى ئالەم ئىچرە يەتمەس ھېچ غەم.

شائىر خەلقنى تەربىيەلەش، خەلقنى يېتەكلەش خالىس نىيەتتە بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. قۇشقا دان بېرىش، قۇشنى ياخشى كۆرگەنلىك ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قۇشنى ئوۋلاش ئۈچۈندۇر. ئەمما بىلەن قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەت قۇشقا دان بەرگەندەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ دەيدۇ.

ھەدىستىمۇ ئوخشاشلا:

«ئەمەگەرلىك ئۆلىمالارنىڭ قەلبىدىكى ھېكمەتنى يوقىتىدۇ، دېيىلگەن».

(« ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئائىت ھەدىسلەر توپلىمى» دىن ئېلىندى)

شائىرنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرى ئىچىدە يەنە بىر دىققەتكە سازاۋەر نۇقتا شۇكى، ئۇ كىشىلەرنى ھەسەتخورلۇق، تۆھمەت، چېقىمچىلىق ۋە غەيۋەتتىن ئىبارەت ناچار ئىللەتلەردىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلغان.

ئەۋۋەلەن ئۆزنى ھەسەددىن ساقلاغىل،
تاكى ئاندىن ئۆزنى مۇئمىن چاغلاغىل.

بولساڭ ئول يالغانۇ غەيبەتتىن يىراق،
بولغاسەن ئەلبەتتە لەئنەتتىن يىراق.

بۇ ھەقتە ھەدىستە:

«ئاچچىق ئالوي (سەبرى) ھەسەلنى بۇزغانغا ئوخشاش، ھەسەتمۇ ئىماننى بۇزىدۇ».

«ئالدىنقى ئۈممەتلەردىن سىلەرگە يېتىپ كەلگەن كېسەل ــ ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە يامانلىشىشتۇر».

«يېنىۋاتقان ئوت ئوتۇننى قانداق غاجىلىسا، باشقىلارنى كۆرەلمەسلىك ۋە ھەسەتخورلۇق ساۋابلارنى شۇنداق خورىتىدۇ».

«ھەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق ۋە پالچىلىق قىلغۇچىلار مەندىن ئەمەس، مەنمۇ ئۇلاردىن ئەمەس».

كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەسەتخورلۇق بىر خىل رەزىل ئىجتىمائىي كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ، ھەسەتتىن تۆھمەت، يالغانچىلىق، چېقىمچىلىق ۋە غەيۋەت قاتارلىق ئەخلاقسىز ئامىللار بارلىققا كېلىدۇ. بۇ خىل ناچار قىلمىشلار ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ۋە ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىشقا ۋە ئۆزىنى ئۆزى خارلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى، ھەسەتخور ئادەم بۇ دۇنيادا بەختلىك بولالمايدۇ. يالغانچى، چېقىمچى، غەيۋەتخور كىشىلەر خەلقنى بىزار قىلىدۇ. غەيۋەت ۋە پىتنە ـ پاسات ناھەق خۇن تۆككەندىن يامانراق. چۈنكى، بارلىق ناھەق خۇن تۆكۈلۈش پىتنە ـ پاساتتىن كېلىپ چىقىدۇ. پىتنىدىن ئالەمدە كۆپ پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىدۇ. بۇ ئالەم پىتنە ـ پاساتتىن خاراب بولىدۇ؛ كۆپلىگەن كىشىلەر پىتنە ـ پاسات كاساپىتىدىن كۈلپەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. شائىر بۇ قاراشلىرىنى نۇرغۇن مىسرالاردا روشەن ئەكس ئەتتۈرگەندىن كېيىن، كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ:

كىمكى قىلسە فىتنە ئول مەرۋانى خەر،
بولغاي ئول مەھشەر كۈنى ئىتدىن بەتەر.

فىتنەدىن يۈز ئۆرۈسە رەھمەت ياغار،
فىتنەنى دوست تۇتسا كۆپ لەنەت ياغار.

ھەدىستە:

«چېقىمچىلىق (ئۆزى) نېمە بىلەمسىلەر؟ ئۇ ئادەملەرنىڭ گەپلىرىنى (ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇش نىيىتىدە) بىر - بىرىگە توشۇشتىن ئىبارەتتۇر».

«بەختلىك ئادەم پىتنە - پاساتلاردىن چەتلەپ يۈرگۈچى ۋە مۇسىبەتكە سەۋر قىلغۇچى كىشىدۇر».

«ئىككى كىشىنىڭ بىللە ئولتۇرۇپ قىلىشقان سۆھبىتىدىكى گەپلىرى ئامانەتتۇر. سۆھبەت قىلغان كىشىلەر ئاللانىڭ ئامانىتى بىلەن تارقايدۇ. سۆھبەتداشنىڭ سىرىنى پاش قىلىش ھالال بولمايدۇ».

«بەش خىل گۇناھ كەچۈرۈلمەيدۇ: بىرىنچى، ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش؛ ئىككىنچى، ناھەق قان تۆكۈش؛ ئۈچىنچى، مۆمىنلەرگە نىسبەتەن بوھتان ئۇيۇشتۇرۇش؛ تۆتىنچى، جەڭدىن قېچىش؛ بەشىنچى، قەسەم ئىچىپ بىراۋنىڭ ھەققىنى ناھەق ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش.

«بۇرادىرىڭلار ياقتۇرمايدىغان سۆزلەر بىلەن ئۇلار ھەققىدە سۆزلەش - غەيۋەتتۇر».

«ئاللانىڭ نەزەرىدە، توغرا سۆزدىن ئارتۇقراق سەدىقە يوقتۇر».

«بىر مۆمىن، كىشىنى غەيۋەت قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ھىمايە قىلىشقا قادىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، بۇنى قىلمىسا، ئاللا ئۇنى بۇ دۇنيا ھەم ئۇ دۇنيادا خار قىلىدۇ».

«كىمكى ئۆزىنىڭ غەزىپىنى قايتۇرسا، ئاللا ئۇنىڭدىن ئۆز ئازابىنى قايتۇرىدۇ. كىمكى ئادەملەرنى غەيۋەت قىلىشتىن تىلىنى تارتسا، ئاللامۇ ئۇنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى پاش قىلمايدۇ».

«ئادەملەرنىڭ سىرلىرىنى بىلىۋېلىپ، توشۇغۇچى چېقىمچىنىڭ نەسلى پاك ئىكەنلىكى شۈبھىلىكتۇر!»

(«ئەدەپ-ئەخلاققا ئائىت ھەدىسلەر توپلىمى» دىن ئېلىندى)

«ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇركى، ئۇ رەسۇلۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ: شەخس بىلەن شەخسنىڭ، تەشكىلنىڭ، شەخس بىلەن تەشكىل بىلەن تەشكىلنىڭ ئارىسىغا ئارازچىلىق سېلىش ئۈچۈن گەپ توشۇيدىغان سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ».

«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئەتراپىدىكى كىشىلەر)دىن غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر دەپ سورىغاندا، ئۇلار بىز بىلمەيمىز، ئاللانىڭ ئەلچىسى ئوبدان بىلىدۇ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: (مۇسۇلمان) بۇرادىرىڭنىڭ (ئالدىدا) دېسەڭ خاپا بولىدىغان ئىشلىرىنى (بۇرادىرىڭ يوق يەردە) دېيىشىڭ غەيۋەت بولىدۇ دېدى. شۇ مۇسۇلمان بۇرادىرىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن سادىر بولغان ئىشلارنى دېسەممۇ غەيۋەت بولامدۇ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بۇرادىرىڭ قىلغان ئىشنى دېسەڭ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، ئەگەر بۇرادىرىڭ قىلمىغان ئىشلارنى دېسەڭ ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغان بولىسەن دېدى».

«ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى بىراۋنىڭ (ئابرۇيىنى تۆكۈش، غەيۋىتىنى قىلىش، تۆھمەت چاپلاش قاتارلىق) مەنىۋى ھەققىگە، (ئۇرۇش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش، خىيانەت، ئوغرىلىق قىلىشقا ئوخشاش) ماددىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىپ

ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغان بولسا، زۇلۇم قىلىنغۇچىنى قىيامەت كۈنىگە قالدۇرماي مۇشۇ دۇنيادا رازى قىلىۋەتسۇن، زۇلۇم قىلغۇچى ھەق ئىگىسىنى بۇ دۇنيادا رازى قىلىۋەتمەي ئاخىرەتكە كۆتۈرۈپ بارسا، زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدىن ھەق ئىگىسىنىڭ قانچىلىك ھەققى بولسا شۇنچىلىك ساۋابىنى ئېلىپ بېرىلىدۇ. زۇلۇم قىلغۇچى (ياخشى ئەمەل قىلمىغان پاسىق) بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا (ياكى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ ھەققىگە چىقىشمىسا)، زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىدۇ».

(«مىشكاتۇلمەسابىھ» ۋە «نۇسۇسى مۇختارە» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

دەرۋەقە، گەپ توشۇپ كىشىلەر ئارىسىدا ئارازچىلىق پەيدا قىلىدىغان، قېرىنداشلىرىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ ساتقۇنلۇق قىلىدىغان، بىگۇناھ كىشىلەرگە قاراپ تۆرۈپ بوھتان چاپلايدىغان، باشقىلار ناھەق قارىلىنىۋاتقاندا، بىلىپ تۇرۇپ ھەققانىيەتنى ياقىلىمايدىغان چېقىمچى، ھەسەتخور، غەيۋەتخورلار نەسلى پاك بولمىغان ناپاك، مۇناپىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقاچان، ھېچيەردە يۈزى بولمايدۇ. «ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ، يۈزۈڭگە چۈشەر» دېگەندەك، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلساڭ باشقىلار گەرچە كۈلۈپ ئاڭلاپ بەرگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا سەندىن بىزار بولىدۇ. يەنى ئۆز ئادىمىڭنىڭ غەيۋىتىنى قىلساڭ، ئۆزۈڭنىڭ كۆرسى چۈشىدۇ. خۇددى «ئۆزىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، ياتنىڭ مېھرى قېچىپتۇ» دېگەندەك.

شائىر خاراباتىي ئۆز ئەسىرىدە يامانلارغا قوشۇلماق، يامانلارغا ھەمسۆھبەت بولماقنى ھەسەتخورلۇق، يالغانچىلىق، چېقىمچىلىق، غەيۋەتخورلۇق قاتارلىق يامان ئىشلارنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. شۇڭا، ئۇ يامانلار بىلەن قوشۇلماسلىق، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماسلىق توغرىسىدا مۇنداق مىسرالارنى تىزىدۇ:

ئاڭلاغىلكىم، بىر يامانىنىڭ سۆھبەتى،
ياخشىدۇر ئاندىن يىلانىنىڭ سۆھبەتى.

شائىر بۇ يەردە، يامانلارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولۇش، شۇ يامانلارنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىپلا قالماي، بەلكى زەھەرلىك يىلانىنىڭ چېقىشىغا ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەندىنمۇ يامانراق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارىغان. چۈنكى، «يامانغا قوشۇلسا يارىسى، قازانغا يۇقۇلسا قارىسى يۇقىدۇ» دېگەندەك، يامانلارنىڭ سۆھبىتىدىن ھەرگىزمۇ ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

بۇ ھەقتە ھەدىستىمۇ ئوخشاشلا مەزمۇن بار:

«ياخشى ئادەم بىلەن ئولتۇرۇش گويا مۇشك - ئەنبەر كۆتۈرۈۋالغان كىشى بىلەن ئولتۇرغانغا ئوخشاش، يامان ئادەم بىلەن بىللە بولۇش بولسا، تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكىنى تارتىدىغان كۆرۈكچى بىلەن بىللە بولغانغا ئوخشاشتۇر. مۇشك - ئەنبىرى بار كىشىدىن خۇش پۇراق ھىد تارقىلىدۇ، سەن ئۇنىڭدىن ئۇنى سېتىۋېلىشىڭ ياكى خۇش پۇراق ھىدىدىن بەھرىمەن بولۇشۇڭ مۇمكىن. تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكى بولسا، كىيىمىڭنى كۆيدۈرۈپ قويۇشى ياكى ھېچبولمىسا، ئۇنىڭدىن سېسىق ھىد تارقىلىشى مۇمكىن دېيىلىپ، كىشىلەرنىڭ يامانلاردىن يىراقراق تۇرۇشى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. دېمىسىمۇ، كىشىلەردىكى غەيۋەتمۇ، باشقىلارنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئېچىشمۇ دەل ئاشۇنداق يامانلار سۆھبىتىدىن كېلىپ چىقىدۇ». شۇڭا، شائىر:

سەن كىشىنىڭ ئەيىبىنى ھەرگىز دېمە،
سېنى ھەم ئەيىبىڭنى يوق قىلماس دېمە،

دېيىش ئارقىلىق، ھەرقانداق بىر كىشى ئەيىب ـ نۇقساندىن خالىي بولالمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرگەندە، ئۆزۈڭنىڭمۇ ئەيىبسىز ئەمەسلىكىنى ئويلا دېگەننى تەۋسىيە قىلسا، ھەدىستە:

«ئۆز ئەيىبىنى تونۇتتىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ئادەملەردىكى ئەيىبلەرنى ئىزدىمەيدىغان، ئارتۇقچە مال ـ دۇنياسىدىن سەرپ قىلىدىغان، ئارتۇقچە سۆزلەشتىن ساقلىنىدىغان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىپ، بىدئەتلەرگە بېرىلمىگەن كىشىلەر نېمىدېگەن ياخشى !»

«كىمكى بىراۋنىڭ بىرەر ئەيىبىنى تېپىپ، مازاق قىلغان بولسا، ئۆزىمۇ شۇ ئەيىبكە مۇپتىلا بولمىغۇچە دۇنيادىن ئۆتمەيدۇ».

«كىمكى بىر مۇئمىننى شۇ دۇنيادىكى بىرەر تەشۋىشتىن خالاس قىلسا، تەڭرى ئۇنى ئاخىرەتتىكى تەشۋىشلەردىن خالاس ئېتىدۇ. كىمكى بىچارە ھالەتتىكى كىشىگە ياردەم بەرسە، تەڭرى ئۇنىڭغا ئىككى دۇنيادا ياردەم بېرىدۇ. كىمكى بىر مۇئمىننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، تەڭرى ئۇنىڭ ئىككى دۇنيادىكى ئەيىبلىرىنى ياپىدۇ. بەندە بىراۋنىڭ ياردىمى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسىلا، تەڭرىمۇ ئۇنىڭغا ياردەمدە بولىۋېرىدۇ».

(«ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئائىت ھەدىسلەر توپلىمى» ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان.)

«ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: ‹بىر مۇئمىن ئادەم بىر مۇئمىن قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئۇنى رەسۋا قىلمىسا، ئاللا ئۇ كىشىنىڭ گۇناھ ۋە ئەيىبلىرىنى قىيامەت كۈنى ياپىدۇ›». («رىيازۇس ـ سالىھىن» دىن ئېلىندى).

توغرا، ھەرقانداق بىر ئادەمدە ئەيىب بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچقانلىق ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئاچقان بىلەن باراۋەر بولۇپ،بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ـ ئاجىزلىقىنى بىلىۋېلىپ ئۇنى ئېچىش، مازاق قىلىش ھەم ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىش ئەڭ چوڭ ئەخلاقسىزلىقتۇر.

شائىر يۇقىرىقىدەك كونكرېت ئەخلاقىي تەشەببۇسلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىرگە خاس ئەدەپ توغرىسىدىمۇ پىكىر بايان قىلىپ:

ئەي غەرىب، بولغىل ئەدەب بىرلە تەمام،
كىم ئەدەبلىك بولسە ئول بولغاي ئىمام.

ئەي غەرىب، قىلغىل ئەدەبنى دەم بەدەم،
كىم ئەدەبلىكتۇر ئاڭا يەتمەس ئەلەم.

دەپ يېزىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ئەدەپلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ.

ھەدىستە:

«ھېچقانداق ئاتا ئۆز پەرزەنتىگە خۇلق، ئەدەپتىن بۈيۈكرەك مىراس قالدۇرالمايدۇ».

(«ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئائىت ھەدىسلەر توپلىمى» ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان) دېيىلگەن.

ھەقىقەتەن ئەدەپسىز ئادەم ھەر جايدا بولسا قەدىرسىز، ئەدەپلىك ئادەم ھەرقانداق ئورۇندا ئەزىز ۋە مۆھتىرەمدۇر. بۇ تۇرمۇش ئىسپاتلىغان ھەقىقەت. «ئالىم بولماق ئاسان، ئادەم بولماق تەس» دېگەندەك، ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئۆز تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە بارا ـ بارا يېتىلدۈرمىسە، ئۇ ھەرگىزمۇ باشقىلاردىن ئارىيەت ئېلىپ تۇرىدىغان ياكى بازاردىن پۇلغا سېتىۋالىدىغان ۋە ياكى ئاتا ـ ئانىدىن مىراس قالىدىغان ماددى نەرسە ئەمەس. ھەركىم پەقەت ئۇنىڭغا ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە ئادىمىيلىك يولى ئارقىلىقلا ئېرىشەلەيدۇ!

ئومۇمەن، خاراباتىي «كۇللىيات مەسنەۋىيى خاراباتىي» ناملىق يىرىك ئەسىرىدە، يۇقىرىقى قاراشلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك ئەخلاقىي قاراشلىرى، نازۇك ئەخلاق تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەينى دەۋر رېئاللىقى ئۈچۈن زۆرۈر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىجابىي پىكىرلەرنى يۈرگۈزۈپ، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، قانۇن ـ تەرتىپنى ئىزىغا سېلىشنى ئىستىگەن. گەرچە ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قىسىم كۆزقاراشلار دىنىي ئاڭ بىلەن سۇغىرىلغان بولسىمۇ، ئۆز دەۋرىگە شۇنداقلا ھازىرقى دەۋرگە نىسبەتەن يەنىلا ئىنتايىن قىممەتلىك ئىلغار ئىدىيە ھېسابلىنىدۇ. ئوخشاشلا يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ ئەمەلىيەتچىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلغانىغا قەدەر ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن كىشىلەرنى ئازغۇنلۇق، زالالەت قاراڭغۇلۇقىدىن ھەقىقەت، ھىدايەت نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى سەرپ قىلغان، كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن، سەمىمىي نىيەتلىك، توغرا تەبىئەتلىك، راستچىل پايدىلىق گەپ قىلغان، ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا ياخشى مۇكاپاتلار بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش، بەتنىيەت، كاج تەبىئەت ناتوغرا گەپ قىلغان، يامان ئىشلارنى قىلغانلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن. دىن ـ دېمەك، نەسىھەت دېمەكتۇر. بۇزۇلغان ئەخلاقنى تەرتىپكە سېلىش، ئازغۇنچىلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشتە ھەدىستىن ئىبارەت بۇ ھېكمەتنى ھەرقاچان ئۆزىمىزگە قىبلەنەما قىلىشقا بولىدۇ. خاراباتىي ئەسەرلىرىدىكى ئىلغار ئەخلاقىي تەشەببۇسلارنىڭ ئىلھام مەنبەئى ئەنە شۇ ھەدىسلەردۇر. خاراباتىي ئۇنى تېخىمۇ بېيىتقان، تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ ئوبرازلىق ۋە سەنئەتلىك ئىپادىلەپ بەرگەن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. قادىر ئەكبەر، ئابدۇلقاھار داموللاملار تۈزگەن: «كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاققا دائىر سەھىھ ھەدىسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .

2. «مەسنەۋىي خاراباتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

3. ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى.

4. غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .

(ئاپتور شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە شۆبە ئىنستىتۇتىدا)

ئاينۇر قادىر

# ئەھمەد يەسسەۋىي شېئىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر فولكلورىدا ئىشلىتىلىشى

بىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتى فولكلور كەسپىنىڭ ئاسپىرانتلىرى ئۇستازىمىز دوكتۇر راھىلە داۋۇتنىڭ يېتەكچىلىكىدە 2008 - يىلىدىن 2010 - يىلىغىچە قەشقەر، خوتەن، كۇچا، تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونلىرىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندۇق. مەن بۇ جەرياندا خەلق ئارىسىدىكى ھۆكمەت - مۇناجات ئوقۇش ۋە داستان ئېيتىش پائالىيەتلىرىدە ئەھمەد يەسسەۋىي شېئىرلىرىنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم. بۇ خىل بايقاش مېنى ئەھمەد يەسسەۋىي شېئىرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرى ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلاپ كەردى. شۇنىڭ بىلەن، تەكشۈرۈشتە خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارنى «دىۋانى ھېكمەت» نىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى ۋە 1985 - يىلى قۇربان بارات تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى» بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. نەتىجىدە ئەھمەد يەسسەۋىي شېئىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى ھاسىلاتىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن .

ئەھمەد يەسسەۋىي ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇھىم تارىخىي شەخس. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ راۋان بولغان قوشاق شەكلى بىلەن ئۆزىنىڭ يەسسەۋىيە - جەھرىيە سوفىزىمىنى ۋايىغە يەتكۈزۈپ بايان قىلغان ①. ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى سايرام - ئىسپىجاپ شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، يەسسى (تۈركىستان) شەھىرىدە ياشاپ ئۆتكەن ②. ئۇ بىر سوفى ۋە دىن تەرغىب قىلغۇچى سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان خەلقى ئارىسىدا ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان. ئەينى زاماندا، كىشىلەر ھەتتا ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن تەڭ دەرىجىگە كۆتۈرۈپ، «ئەرەبىستاندا مۇھەممەد، تۈركىستاندا خاجە ئەھمەد» دەپ تەرىپلىگەن. مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسىگە تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئەمىر تۆمۈر قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئېسىل مەقبەرە تىكلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇھىم تاۋاپگاھىغا ئايلاندۇرۇلغان .

يەسسەۋىينىڭ باشقا نۇرغۇن شائىرلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ بىر داڭلىق سوفى شەيخ ۋە سوفىزم قائىدىلىرى بولغان تەرىقەت يولىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ناھايىتى كەڭ تونۇلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنى گۈزەل شېئىرى شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. «دىۋانى ھېكمەت» ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، بۇ ئەسەر خەلق ئارىسىدا ھەم يازما ھەم ئاغزاكى شەكىلدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، خەلقىمىز ئىچىدە ئۆلۈم - ناماز، خەتمە، زىكرى سۆھبەتلەردە مۇڭلۇق ئاھاڭ بىلەن ئوقۇلۇۋاتقان ھۆكمەت - مۇناجاتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ۋە داستانچىلار ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم تېكىستلەر، شۇنداقلا ئون ئىككى مۇقامنىڭ مەشرەپ قىسىملىرىدا ئېيتىلىۋاتقان بەزى ناخشىلار بۇ كىلاسسىك شائىرىمىزنىڭ ئەنە شۇ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق ئەمگىكىنى مەنبە قىلغان. تۆۋەندە مەن بۇ خىل ئەھۋال ھەققىدە ئۈچ نۇقتا بويىچە مۇھاكىمە

يۈرگۈزۈپ ئۆتىمەن.

**1. يەسسەۋىي شېئىرلىرىنىڭ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دا ئېيتىلىشى**

يەسسەۋىي شېئىرلىرى جانلىق ئۇيغۇر تىلىدا، ئۇيغۇر خەلق شېئىرىيىتىنىڭ بارماق ۋەزنىلىك قوشاق شەكلىدە، كۆپىنچە يەتتە ياكى ئون ئىككى بوغۇمدا يېزىلغان. ئۇ ئاھاڭدار، كۈچلۈك رېتىملىق ۋە توق قاپىيەلىك بولغاچقا، ئاسان ئەستە قالىدۇ. يەسسەۋىي ئىجادىيىتى خەلق ئېغىز تىلىغا ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئەينى دەۋردىكى شېئىرلىرىنى ھېلىھەم تەرجىمىسىز، بىمالال چۈشەنگىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەر بۇ شېئىرلارنى خەلق قوشاقلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەن ۋە مۇقام ـ مەشرەپلەردە ئېيتىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلغان. بىز تۆۋەندىكى شېئىرغا قاراپ باقايلى. ③

1. قۇدرەت بىلەن بەردىڭ جان،
2. كىم ياخشىدۇر كىم يامان،
3. بارچە ياخشى بىز يامان،
4. بارچە بۇغداي بىز سامان.
5. جاندىن كەچمەي ئىش پۈتمەس،
6. قەسد قىلماي نەپسى ئۆلمەس،
7. قۇرۇق داۋا سۆز ئۆتمەس،
8. يالغان گۇۋاھ بەرسەممەن.
9. يالغانچىنىڭ سانى يوق،
10. ئىشقسىز تەننىڭ جانى يوق،
11. دەردسىزلەرگە داۋا يوق،
12. تەبىبىمدىن سورىسام مەن.
13. تەبىبىم سەن، داۋا قىل،
14. ھاجىتىمنى راۋا قىل،
15. پەزلىڭ بىلەن ئادا قىل،
16. يولغا قەدەم قويسامەن.

يۇقىرىقى شېئىر بىر خەلق ناخشىسى سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا، توي ـ تۆكۈنلەردە ئەينى تېكىستى بىلەن ئېيتىلىپ ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن. يەسسەۋىي ئاددىي ئىبارىلەر ئارقىلىق تەرىقەت يولىدىكى زاھىتلىقنى تەسۋىرلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە زاھىتلارنىڭ بۇ دۇنيادىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ «ئىشق» چۈشەنچىسىنى كەڭ مەنىگە ئىگە قىلىپ، مۇھەببەت كىشىگە ھايات ۋە ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ دېگەن كۆزقاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. فۇزۇلىي شېئىرلىرىدا مەي ئىچىپ خۇدا بىلەن بىرىكىش مېتافورىسى ئىشلىتىلگەن بولسا، يەسسەۋىي شېئىرلىرىدا ئېنىق ئوخشىتىش، مىساللار ئارقىلىق ئىشق ئۇقۇمى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈلگەن ④.

يۇقىرىقى شېئىر قۇربان بارات نەشرگە تەييارلىغان «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى» دېگەن كىتابتىكى ئىراق مۇقامىنىڭ بىرىنچى مەشرەپى بولۇپ، شۇ كىتابتا بۇ شېئىرغا «ئەخمەت

يەسسەۋىينىڭ» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. قۇربان باراتنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كىتاب، تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ئەسلى ئېيتقان ئون ئىككى مۇقام لېنتىسىنى ئۆمەر ئىمىن رەتلىگەندىن كېيىن چىقىرىلغان ئىچكى ماتېرىيالغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغانىكەن. بۇ شېئىر يەنە شۇ كىتابتا چەببىيات مۇقامىنىڭ ئۈچىنچى مەشرىپىدە مۇنداق ئۆزگەرگەن: ⑤

2. چىلتەن ـ چىلتەن ئەمەسمۇ،
3. چىلتەن دەرۋىش ئەمەسمۇ.
4. چىلتەنلەرنىڭ دۇئاسى،
5. مۇشكۇل ئاسان ئەمەسمۇ.
6. مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىل،
7. ھاجىتىمنى راۋا قىل،
8. يەزلىك بىرلە ئادا قىل،
9. يولغا قەدەم قويسامەن.
10. چىقسام تاغنىڭ باشىگە،
11. چىلتەنلەرنىڭ قاشىگە،
.......................

بۇ ئىككى شېئىرنىڭ 1 ـ مىسراسى ۋە ئالدىنقى شېئىرنىڭ 14 ـ، 15 ـ، 16 ـ مىسرالىرى بىلەن كېيىنكى شېئىرنىڭ 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ مىسرالىرى ئۆزئەينى ئوخشايدۇ. شۇ كىتابتىكى ئابى چەشمەنىڭ ئاخىرقى سەنىمىدە يۇقىرىقى شېئىرنىڭ بىر قىسىم مىسرالىرى يەنە تەكرارلىنىپ كېلىدۇ: ⑥

41. چىقسام تاغنىڭ باشىغا،
42. چىلتەنلەرنىڭ باشىغا.
43. چىلتەن ـ چىلتەن ئەمەسمۇ،
44. چىلتەن دەرۋىش ئەمەسمۇ.
45. چىلتەنلەرنىڭ دۇئاسى،
46. مۇشكۇل ئاسان ئەمەسمۇ.

«بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «دىۋانى ھېكمەت»تىن يۇقىرىقى شېئىرلار ئەينەن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان تۆۋەندىكىدەك مىسرالارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن: ⑦

چىقسام تاغلار باشىغە،
چىلتەن بولسام بولغايمۇ.
نۇشىرۋان ئادىلدەك ،
سۇلتان بولسام بولغايمۇ.

«دىۋانى ھېكمەت»نىڭ يەسسەۋىي دەۋرىدىكى قولىيازمىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. بىز كۆرۈۋاتقان «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە خەلق ئىچىدە ئاغزاكى تارقالغان نۇسخىلىرى ئاساسىدا يېزىقنا ئېلىنغان، كىتاب قىلىپ تۈزۈلگەن ۋە مەكتەپ مەدرىسلەردە دەرس قىلىپ ئۆتۈلگەن ⑧.

شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ تاشكەنت، ئىستانبۇل، قازان ۋە بۇخارادا نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بەزى شېئىرلار بۇ نۇسخىدا بولسا، ئۇ نۇسخىدا يوق ئەھۋاللار داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخا 1879 - يىلى تۈركىيەنىڭ ئوسمانىيە مەتبەسىدە چاپپ قىلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى شېئىرلار يۇقىرىدا بىز مىسالغا كەلتۈرگەن شېئىرلار بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئەمما، بۇ شېئىر - قوشاقلارنىڭ مەزمۇن، ۋەزىن ۋە تىل ئالاھىدىلىكلىرىدىن يەسسەۋىي شېئىرلىرى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. مەن خەلق ئىچىدىكى ئۆلىمالارنى زىيارەت قىلغاندىمۇ كۆپىنچىلىرى بۇ شېئىرلارنىڭ «يەسسەۋىي غوجام»نىڭ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «مۇقاملار ئۆز تارىخىدا پەقەت بىرلا نەزم تېكىستىگە سىڭىپ قالمىغان. بۇ ‹ئون ئىككى مۇقام› تېكىستولوگىيەسىدىكى يەنە بىر خۇسۇسىيەت» ⑨. دېمەك مۇقامچىلارنىڭ ئوخشاش ئاھاڭغا ئوخشىمىغان تېكىستنى سېلىپ ئوقۇشى ئەلمىساقتىن داۋاملىشىۋاتقان بىر خىل ئالاھىدىلىكتۇر. ئەمما، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «مۇقام تېكىستلىرىنى تاللاش ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىش كۈچلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيەلىك كۈرەشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئىلغار شائىر ۋە قوشاقچىلارمۇ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرمۇ بۇ تېكىستلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغان. ئىدېيالىست دىنىي روھانىي شائىر ئەخمەت يەسسەۋىينىڭ ۋە باشقا روھانىي شائىرلارنىڭ بەزى دىنىي سوفىستىك مۇناجاتنامىسى ۋە نەزمىسى مۇقامنىڭ بەزى مۇزىكىلىرىغا زورمۇزور كىرگۈزۈلگەن» ⑩. گەرچە بۇ بايانلارنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسىمۇ، كېيىنكى قىسمى كىشىنى گۇمانلاندۇرىدۇ. چۈنكى، تۇرداخۇن ئاكا يەسسەۋىي شېئىرلىرىنى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىچىدە تەكرار - تەكرار ئېيتقان. بۇ ھال يەسسەۋىي شېئىرلىرىنىڭ يېقىنقى مەزگىللەرگىچە خەلق تەرىپىدىن سۆيۈپ ئېيتىلىپ كېلىنگەنلىكىنى، بۇ شېئىرلارنىڭ مۇقامغا «زورمۇزور» قوشۇلمىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئۇنى خەلق ئۆزى تاللىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر سوفىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ جەھرىيە سۇلۇكىدىكىلەرنىڭ ئون ئىككى مۇقامنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتىكى رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە مەرھۇم مۇقامشۇناس جۇجىمۇ كۆپ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇرەككەپ ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇ ئۇردا سەنئەتكارلىرى ۋە ئاشىق سوفىلار تەرىپىدىن كۆپرەك يادلىنىلىدۇ ۋە ئورۇندىلىدۇ. تۇردى ئاخۇنمۇ مەشرەپ قىسىملىرىنى داڭلىق سوفى، ئاشىق «مەشرەپچى» دىن ئۆگەنگەن⑪. ئەگەر بىز ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭ ۋە تېكىستلىرى بىلەن سوفىلارنىڭ مۇراسىملىرىدا ئېيتىلىدىغان ئاھاڭ ۋە تېكىستلەرنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق نۇرغۇنلىغان ئوخشاشلىقلارنى بايقىيالايمىز.

## 2. يەسسەۋىي شېئىرلىرىنىڭ دىنىي ۋە دەپنە مۇراسىملىرىدا ئېيتىلىشى

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ئەھمەد يەسسەۋىي يەسەۋىيە - جەھرىيە تەلىماتىنى يۇكسەك پەللىگە

كۆتۈرگۈچى سوفى، شەيخ بولۇش سۈپىتى بىلەن ھېلىھەم مۇشۇ يولدا ماڭغۇچى سوفى، ئاشىقلار، ھەتتا بىر ئادەتتىكى مۇسۇلمان كىشى تەرىپىدىنمۇ يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە «ئەۋلىيا» سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. «دىۋانى ھېكمەت» مىسرالىرى تەرىقەت يولىدىكىلەرنىڭ زىكرى، سۆھبەت، ھەلقىلىرىدە ئاشىقلارنىڭ كۆز ياشلىرىغا جور بولۇپ مۇڭلۇق ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ.

سوفىستىك ئىبادەتلەردە مۇناجات ۋە ھېكمەت كەم بولسا بولمايدۇ. «ھېكمەت» سۆزى خەلق ئارىسىدا «ھۆكمەت» سۆزىگە ئۆزگەرگەن. سوفىلارنىڭ نۇرغۇن تەلىمات ـ تەرغىباتلىرىنى، ئىدىيە ـ قاراشلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھۆكمەت ـ مۇناجاتلار سوفىلارنىڭ ئەڭ جۇشقۇن ئىبادەتلىرىدىن بولغان ھەلقىنىڭ جان تومۇرىدۇر. ئۇ ئىبادەتنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ[12]. ھېكمەت كەڭ ئاۋامنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئاھاڭ ئارقىلىق كىشىلەرگە دىنىي پىرىنسىپلارنى، ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى، تارىخىي قىسسىلەرنى بايان قىلىدىغان بولغاچقا، سوپىلارلا ئەمەس، ئاددىي ئاۋام خەلقمۇ ئاڭلاشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۇنى يادلىۋېلىپ ئۆز بىلىمىنى نامايان قىلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ. ھۆكمەتنىڭ رولىنى مۇنۇ بېيىتتىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

ھېكمەت قۇرئان ئەمەس،
قۇرئاندىن غەيرى ئەمەس.

ئەلۋەتتە، سوفىلار تەرىپىدىن ھۆكۈمەتلىرى كۆپ يادلىنىدىغان كىلاسسىك شائىرلاردىن شاھ مەشرەپ، ھۇۋەيدا، سوپى ئاللار يار، قۇل غېرىبى قاتارلىقلارمۇ بار. ئەمما، ھەجىم جەھەتتىن ئېيتقاندا، يەسسەۋىي مىسرالىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ھۆكمەت»لىرىدە زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. خەلقىمىز يەسسەۋىينىڭ شېئىرى ئۇسلۇبىغا شۇنچىلىك كۆنۈپ كەتكەنكى، ھەتتا باشقا كىلاسسىكلارنىڭ ھېكمەتلىرىنىمۇ يەسسەۋىي ئۇسلۇبىغا چۈشۈرۈپ، «ئايا دوستلەر»، «ئاڭلاڭ دوستلەر»، «ئى يارەنلەر»، «قىلدى كۆرۈڭ»... دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئوقۇيدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

خەلق ئارىسىدىكى ھۆكمەت ـ مۇناجاتلارنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ نامى بىۋاسىتە تىلغا ئېلىنىدۇ. بىز بۇنىڭدىن بۇ شېئىرلارنىڭ شەكسىز ھالدا يەسسەۋىي شېئىرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. مەسىلەن: «ئۇل سەۋەبتىن ھەقتىن قورقۇپ غارغا كىردىم» دېگەن ھۆكمەت مۇنداق كۇپلېت بىلەن ئاياغلىشىدۇ:

قۇل خوجا ئەھمەد تەكبىر ئېيتىپ سۆھبەت باشلا،
ھاۋايى ـ ھەۋەس مەنمەنلىكنى يىراق تاشلا.
سەھەرلەردە چارزار ئۇرۇپ تىنماي يىغلا،
ئۇل سەۋەبتىن ھەقتىن قورقۇپ غارغا كىردىم.

بۇ ھۆكمەتنى بىزگە تۇرپان يالقۇنتاغ قارا غوجىلىق ئايشەمخان خەلپەت ئېيتىپ بەردى. ئۇ دوكتور ھاياتى بىجە ئىستانبۇلدا نەشرگە تەييارلىغان «دىۋانى ھېكمەت»دىكى 9-ھېكمەتكە ئاساسەن ئوخشايدۇ[13]. تۇرپاندا ئاھاڭ ئېھتىياجى تۇپەيلى ھەربىر كۇپلېتنىڭ ئاخىرىغا «نە سەۋەبتىن ھەقتىن قورقۇپ غارغا

كىردىم» دېگەن سۆز نەقرات قىلىپ ئوقۇلىدۇ. ئەسلىي دىۋاندىكىسى 9 كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان ئىكەن، بىز خاتىرىلىگىنى 8 كۇپلېت بولۇپ، بىر كۇپلېت چۈشۈپ قالغان. دىۋاندىكى «تاتاۋۇ ناماز» دېگەن سۆز تۇرپان مۇناجاتلىرىدا «نەپلە ناماز»غا ئۆزگەرتىلىدۇ، ئەمما باشقا سۆزلەر ئۆز پېتى ئېلىنىدۇ. يەنە تۇرپاندا خاتىرىگە ئېلىنغان «قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى»، «ئايا غاپىل» نامىلىق ھۆكمەتلەر ۋە بەزى نامسىز مۇناجاتلارنى «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ بىز كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان نۇسخىلىرىدا ئۆز ئەينى پېتى ئۇچرىتالايمىز.

بىز قۇمۇل رايونىدا خاتىرىلىگەن «ئەنتەل ھادى» ھۆكمىتى جەمئىي 7 كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ دىۋاندىكى نۇسخىسى بولسا 26 كۇپلىت ئىكەن⑭. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇنىڭ ئىچىدىكى 6 كۇپلىت شېئىرنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئوپمۇئوخشاش، پەقەت بىرلا كۇپلېت ھۆكمەتنىڭ «دىۋانى ھېكمەت»تە يوق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. خوتەندىكى ئوخشاش تېكىستلىك ھۆكمەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇمۇل غىجىگى بىلەن ئورۇندالغان ھۆكمەتلەر ئۆزگىچە يەرلىك ئاھاڭ بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. تەكشۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن سوفى ياكى بۇۋىمەرنىڭ ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن ھۆكمەتلەرنى دەپتەرگە يېزىپ ساقلايدىغانلىقىنى بايقىدۇق. ئەمما، ئۇلاردا ئاپتورلۇق ھوقۇقى كۆزقارىشى بولمىغاچقا، ئاپتورىنى ئېنىق ئەسكەرتكەنلىرى ئاز بولۇپ، باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ «يەسسەۋىي»نىڭ دەپ جاۋاب بېرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ. بۇ بەلكىم يەسسەۋىيگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بولسا كېرەك.

«دىۋانى ھېكمەت»تە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، تۆت چارىيار، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ سۈپەتلىرىدىن باشقا، ئاشىقلىقنىڭ يولى ۋە ئىسلام ئەدەپ ئەركانلىرى توغرىسىدىكى ھۆكمەتلەرمۇ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ شېئىرلاردىن يەسسەۋىينىڭ ئىدىيەسىگە ئائىت خېلى كۆپ ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئىلگىرىكى تەسەۋۋۇپ ئىدىيەلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەسسەۋىي ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تۇنجى بولۇپ باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتۇش ئىدىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن:

قول خاجە ئەھمەد يامانلارنىڭ يامانى سەن،
بارچە بۇغداي ئىل تۇتمىغان سامانى سەن⑮.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يەسسەۋىي بۇ شېئىرىدا باشقىلارنى بۇغداينىڭ دېنىغا، ئۆزىنى بولسا ئۇنىڭ ئەرزىمەس سامىنىغا ئوخشىتىش ئارقىلىق ئادەتتىن تاشقىرى كەمتەرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ھۆكمەتلىرى «كىبىرنى سۇندۇرۇش» يولىدا ماڭغان سوفى، ئاشىقلارغا ناھايىتى مۇھىم بىر دەستۇر بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆز - ئۆزىگە ياكى ئىككىنچى بىر كىشىگە سۆزلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغاچقا ۋە بۇ شېئىرلار زاھىتلىق يولىغا ماڭغان ئاشىقلارنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ئاھاڭلىرى بىلەن ئېيتىلغاچقا، ئۇ ناھايىتى زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان. تۇرپان يالقۇنتاغدىكى 70 تىن ئاشقان مويسىپىت بوۋاي نىياز ئەخمەد بىزگە ئۆزىنىڭ تەرىقەت يولىدا مېڭىۋاتقانلىقىغا ئەللىك يىل بولغانلىقىنى، ئەڭ چوڭ ئارزۇسىنىڭ بۇلاق ژۇرنىلىدىكى «دىۋانى ھېكمەت» نى نەشرگە تەييارلىغان نىجات مۇخلىس بىلەن كۆرۈشۈش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. مانا بۇنىڭدىنمۇ «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ خەلق قەلبىدىكى ئورنىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يەسسەۋىينىڭ شېئىرىي ھۆكمەتلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دەپنە مۇراسىملىرىدا مۇسىبەتچىلەر تەزىيەسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ ،ئۇنىڭدىكى رىتىم ۋە مۇزىكا ئاھاڭى دىلى سۇنۇق ھەربىر كىشىنىڭ ئىچىنى ئۆرتىتىپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاتماي قالمايدۇ. كۇچا رايونىدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، مېيىت نامىزىدا ئوقۇلىدىغان ھۆكمەتلەر ئېنىق بەلگىلەنمىگەن. بۇۋىملەر كۆپرەك «بۇۋى مەريەم ۋاپاتنامىسى»، «بۇۋى پاتىمە ۋاپاتنامىسى» «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتنامىسى» قاتارلىقلارنى ئوقۇپ،ئۆلۈمنىڭ ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ ۋە ھازىدارلارغا سەۋرى ـ تەسەللى ئاتا قىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچى مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ھۆكمەتنى كۆپرەك ئاياللار ئوقۇيدۇ. قەشقەرنىڭ سوفىزىم تەسىرى كۈچلۈك بولغان بەزى رايونلىرىدا، ھەتتا دەپنە مۇراسىمىدا مۇناجات، زىكىر، تەلقىنلەر تولۇق ئوقۇلۇپ، مېيىت ھەلقىگە ئېلىنىدىغان ئەھۋال ھېلىھەم مەۋجۇت. ئەمما، كۆپ قىسىم جايلاردا بۇ خىل پائالىيەت سۇسلىشىپ، پەقەت بۇۋىملەر چىرايلىق ئاۋازى بىلەن تەسىرلىك ھۆكمەت ئېيتىپ، ئۆلۈم ئىگىسىگە تەسەللى بېرىش شەكلىلا ساقلىنىپ قالغان. چوڭ شەھەرلەردە بولسا بۇ ئادەت ئاستا ـ ئاستا يوقالماقتا.

**3. يەسسەۋىي شېئىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا بولغان تەسىرى**

خەلق داستانلىرى نەسرىي بايان ۋە نەزمىي تەسۋىرلەر ئارقىلىق مول ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان يىرىك ھەجىمدىكى سۇژىتلىق ئەسەرلەردۇر. بىز ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى مەزمۇنى ۋە پەيدا بولۇش دەۋرىگە ئاساسەن، قەھرىمانلىق داستانلىرى، مۇھەببەت داستانلىرى، دىنىي داستانلار ۋە تارىخىي داستانلار دەپ تۆتكە بۆلىمىز. ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ پائالىيەتلىرى، دىنىي ئۇرۇشلار ۋە ئىسلام دىنىدىكى بەزى قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ بېكىتىلىشىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان نۇرغۇن داستانلار بار. مەسىلەن، «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتنامىسى»، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەللۇتنامىسى»، «زەيد ئەنسارى»، «پادشاھى ھۆججاز»، «بابا روشەن»، «زەيدالى»، «ئون دەرگاھى بېھىش»، «پاتىمەنىڭ نىكاھنامىسى»، «قۇرباننامە»، «ئېپتارنامە»، «قىيامەتنامە»، «كېيىكنامە»، «جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ مۇنازىرىسى» قاتارلىق داستانلار ئەنە شۇنداق داستانلاردۇر⑯. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ داستانلارنىڭ كۆپ قىسمى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى «نامە» شەكلىدىكى داستانلار «دىۋانى ھېكمەت» شېئىرىي ئۇسلۇبى بىلەن خاراكتېرلىنىپ، «قۇل ھاجى ئەھمەد» سۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىسرالار بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بۇ داستانلار خەلق ئارىسىدا، بولۇپمۇ خوتەن ۋىلايىتىدە ھېلىھەم ئېيتىلىپ، تاماشىبىنلار تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنماقتا. خوتەن قارىقاشلىق داستانچىلاردىن شاھ مەمەت ۋە ئۇبۇل ھەسەن قارىم ئېيتقان «جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ مۇنازىرىسى» ناملىق داستان «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ «بۇلاق»تىكى نۇسخىسى بىلەن ئوپمۇئوخشاش⑰. بۇ ھادىسە يازما ئەدەبىياتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئۆزتۇشۇش قانۇنىيىتىنى تولۇق ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «دىۋانى ھېكمەت»تە سۇژىتلىق شېئىر كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ «بۇلاق» نۇسخىسىدا پەقەت بىرنەچچە پارچىلا سۇژىتلىق شېئىر بار. بۇ سۇژىتلىق شېئىرلار ئىچىدە «ھېكمەت سۇلتانۇل ئارفىيىن» ناملىق بىر پارچە شېئىر بولۇپ،ئۇنىڭ ئۇسلۇبى خوتەن ۋە قۇمۇل رايونلىرىدا كەڭ ئېيتىلىدىغان «قۇرباننامە» ناملىق داستان بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

خۇدادىن پەرمان كەلدى،
كۆك قوچقارنى كەلتۈردى،
ئىسمائىل ھەم سۆيۈندى،
قۇلنى يېشىپ قويدىيا.
(قومۇلدا خاتىرىلەنگەن «قۇرباننامە»دىن)

ئائىشە مۇزتەر بولدى،
رەسۇلگە ئەرز قىلدى،
ئاياغىگە يىقىلدى،
رەسۇل ئاندىن چىقتىيا⑱.
(«ھېكمەت سۇلتانۇل ئارفىين»، «بۇلاق» ئومۇمىي 14 ـ سان)

بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن دىنىي داستانلارنىڭ شېئىرىي شەكلى ۋە تىلى يەسسەۋىي شېئىرلىرىغا ئوخشايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، بۇ داستانلارنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتلىرىدا «قۇل خوجا ئەھمەد» دېگەن ئىسىم كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال بىزدە «داستان» نامىدا ئېيتىلىۋاتقان بەزى ئەسەرلەر ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ سۆزىتىلىق شېئىرلىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغانمىكىن دېگەن پەرەزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمما، يەسسەۋىي شېئىرلىرىنىڭ «داستان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇنداق ئەھۋالدا، بىز ھازىر پەقەت مۇنداق ئىككى خىل كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز :

1. «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان تولۇق نۇسخىسى تېخى تېپىلغىنى يوق. ھازىر تېپىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى 17 ـ ئەسىردىن كېيىنكى كۆچۈرمە نۇسخىلىرى بولغاچقا، بۇ نۇسخىلاردا ئاپتورنىڭ بەزى سۆزىتىلىق شېئىرلىرى چۈشۈپ قالغان، ئەمما ئۇ خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى شەكىلدە ساقلىنىپ، داستان نامىدا ئېيتىلىپ كېلىنگەن بولۇشى مۇمكىن .

2. خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بىر قىسىم دىنىي داستانلار يەسسەۋىينىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن يەسسەۋىي شېئىرلىرى ئۇسلۇبىدا ئىجاد قىلىنغان، ئۇلار يەسسەۋىيگە بولغان چەكسىز ھۆرمەت ۋە چوقۇنۇش تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا بۇ داستانلارنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتلىرىغا «قۇل خوجا ئەھمەد»نامىنى قوشۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. دەرۋىشلەرنىڭ يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ، ۋائىزلىق قىلىپ «قۇل خوجا ئەھمەد بايان قىلدى» دەپ تارقىتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلار كەڭ تۈردە تارقىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش ناھىيەسىدىكى داڭلىق داستانچى ئوبۇل ھەسەن ئاكا مۇنداق دەيدۇ: «ئاڭلارمەنلەر قول خوجا ئەھمەدنىڭ داستانلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنى بىز داستان قىلىپ ئېيتساق، ھافىزلار ھۆكمەت، مۇناجات قىلىپ ئېيتىدۇ. يەسسەۋىي غوجام بىر ئەۋلىيا بولۇپ، ئۇ تۆت مىڭ تۆت يۈز داستان يازغانىكەن. داستانلىرىم خارلىنىپ قالمىسۇن دەپ بىزگە پەقەت تۆت يۈزنى قويۇپ، قالغىنىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىپتىكەن. مەنمۇ ئۇلاردىن ئاران ئون نەچچىنى بىلىمەن.»

ئوبۇل ھەسەن ئاكا ئېيتقان «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتنامىسى» ناملىق داستان مۇنداق

ئاياغلاشقان:

قۇل ھاجە ئەھمەد ھەرنە ياخلىغ ھېكمەت ئېيتتى،
خىزمەت قىلغان ئەرەنلەرگە ئۇقۇپ يايدى،
تۆت مىڭ تۆت يۈز ھېكمەت ئېيتىپ داستان قىلدى،
داستان قىلىپ بوستان ئىچىگە كىرمەك ئۈچۈن.

«دىۋانى ھېكمەت»تىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى بايانلار بۇ داستانچى ئېيتقاندىن خېلىلا قىسقا⑲. ئوبۇل ئاكا ئېيتقان يۇقىرىقى داستاندىكى «تۆت مىڭ تۆت يۈز» دېگەن سان «دىۋانى ھېكمەت»نىڭ تۈركچە نۇسخىسىدا «توقسان توققۇز مىڭ⑳»دەپ، «بۇلاق» نۇسخىسىدا بولسا «ئۈچ يۈز ئاتمىش㉑» دەپ ئېلىنغان.

مەلۇمكى، يەسسەۋىي ئۆز شېئىرلىرىنى «داستان» دەپ ئاتىمىغان، يۇقىرىقى مىسرالاردىكى «داستان قىلىش» سۆزى «تارقىتىش» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

قۇمۇلدىكى ھازىرقى زامان داستانچىلىرىنىڭ ۋەكىلى ئىبراھىم ياقۇپ مۇنداق دەيدۇ: «‹كەربالا قىسسىسى›، ‹ئاچلىقنامە›، ‹قۇرباننامە› دېگەنلەر بۇرۇندىن قۇمۇلدا كەڭ ئېيتىلىۋاتقان داستانلار، بۇلار ھۆكۈمەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. داستاندا ۋەقەلىك بولىدۇ، ھۆكۈمەتتە بولمايدۇ.»

ئىبراھىم ياقۇپ بىزگە قۇمۇل غېجىكى بىلەن ئورۇنلاپ بەرگەن «كەربالا قىسسىسى» داستانى مول سۈژېت ۋە راۋان تەسۋىرلەرگە باي بولۇپ، ئۇ پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق بولغان كەربالا ئۇرۇشىنى ناھايىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

خاۋارىجلار ئۆلۈكلىرى دۆۋە بولدى،
شۇل ھالەتتە يەتمىش يەرگە ئوقلار تەگدى،
قانلار ئېقىپ بىخۇد بولۇپ يىقىلىپ چۈشتى.
جۈمە ناماز ۋاقتى بولغان ئىدى كۆرۈڭ.

ئاخىرىدا شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ئەھمەد يەسسەۋىي ئېغىز تىلىغا يېقىن، پەلسەپىۋى مەنىسى كۈچلۈك بولغان

«سۈننەت ئېرمىش ،كافىر بولسىمۇ ،بەرمە ئازار،
كۆڭلى قاتتىق دىلئازاردىن خۇدا بىزار㉒».

دېگەنگە ئوخشاش شېئىرى ئارقىلىق، جالالىدىن رۇمىنىڭ «ھەرمەگە ئوت قويسىمۇ، غېرىبنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەسلىك» ئىدىيەسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خارلانغان ۋە ئازابلانغانلارغا شەپقەت قىلىش ئىدىيەسىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرغان. يەسسەۋىينىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىدىن تۈغۈلغان «دىل ئىزا، خۇدا بىزار» دېگەن بىرىكمە ماقال تەمسىل سۈپىتىدە بۈگۈنكى كۈندىمۇ كەڭ ئىشلىتىلمەكتە.

دېمەك، يەسسەۋىي شېئىرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى، ئۆلۈم ـ ماتەم ئادەتلىرى، مۇقام ـ

ناخشىلىرى ۋە داستان ـ قىسسەلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇ مەنىۋىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، خەلقىنىڭ ناخشا، مۇناجات ۋە داستانلىرىدىكى يەسسەۋىي ھېكمەتلىرىنى يىغىپ ـ رەتلەش، ئۇنى «دىۋانى ھېكمەت» بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىش، شۇنداقلا يەسسەۋىي شېئىرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولىنى ئېنىقلاش ئەھمىيەتلىك بىر تېمىدۇر.

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالە دوكتور راھىلە داۋۇت يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان خەلقئارالىق تەتقىقات تۈرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىزاھلار:

①㉒ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى 232 ـ بەت،237 ـ بەت.

② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 1 ـ قىسىم 507 ـ بەت.

③⑤⑥قۇربان بارات: «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى، 277 ـ بەت، 50 ـ بەت، 306 ـ بەت.

④⑪ نەسىن لايت: «ئېلان قىلىنغان مىراسلار ‹ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى›»، ئەنگلىيە سودا نەشرىياتى 2008 ـ يىلى (ئىنگلىزچە 77 ـ بەت).

⑦⑰㉑ ئەھمەد يەسسەۋىي: «دىۋانى ھېكمەت»، بۇلاق ژۇرنىلى 1985 ـ يىلى ئومۇمىي 16 ـ سان، 162 ـ، 177 ـ، 234 ـ بەتلەر.

⑧ ئەخمەتجان ھەسەن: «ئەھمەد يەسسەۋىي ۋە ئۇنىڭ دىۋانى ھېكمەت ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى، 2000 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑨⑩ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، 1980 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى، 133 ـ بەت.

⑫ئابلەت ياسىن: «خوتەن سوفىزم ئۇستىدە تەتقىقات»،شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2006 ـ يىللىق فولكلور پەنلىرى ماگىستىرانتىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەسى، 97 ـ بەت.

⑬⑭⑮⑲⑳ ئەھمەد يەسسەۋىي: «دىۋانى ھېكمەت»، دوكتور ھاياتى بىجە نەشرگە تەييارلىغان، تۈركىيە دىنىي ئىشلار نەشرىياتى 2009 ـ يىلى نەشرى 83 ـ بەت، 110 ـ بەت، 166 ـ بەت 143 ـ بەت.

⑯ ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 625 ـ، 631 ـ بەتلەر.

⑰ ئەھمەد يەسسەۋىي: «دىۋانى ھېكمەت»، بۇلاق ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى ئومۇمىي 14 ـ سان 131 ـ بەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتوتىدا)

# تۇرپان تويى سۇراسىم قوشاقلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بوغدا ئابدۇللا

ھىجران ئۇتى ئۆچمەيدۇر،
كۆيمەسكە ئىلاجىم يوق.
ئالەمنى كېزىپ كەلسەم،
سەندىن ئۆزگە يارىم يوق.
دەريانىڭ تېگى لايدۇر
دەفسەسەم لاغىرلايدۇر.
مەن يارنى خىيال قىلسام،
يۈرەكىم جىزىللايدۇر.
كېتىپ بارەسەن يارىم،
قاچان كېلەسەن يارىم.
سېنىڭ كەلمەكىڭ مۇشكىل،
مەن بېرىپ كۆرەي يارىم.
كېلەمدۇر دەپ تاما قىلما،
كەتكەنىم شۇبۇ.
ئاشىق ئويناپ كۆڭۈل ئىستەپ،
يەتكەنىم شۇبۇ.
ئىستىمەس كۆڭلۈم مېنىڭ،
يار ئىستىگەنىنىڭ يارى بول.
كىم سېنى يارىم دېسە،
بارىپ شۇنىڭ گۈلزارى بول.
گۈل بولسە گۈل بولامدۇر،
قاتى - قاتى بولماسە.
يار بولسە يار بولامدۇر
چىن ئىتىقاتى بولماسە.
قورقۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
تۇرفان يولىدا ساراپ.
كۆزلەرىم قاماپ كەتتى،
يارنىڭ يولىغە قاراپ.
ئاتىم ئويناپ سىندۇردى،
قوش باشى ئىگرىمنى.
ساڭا ئايتماسام بولماس،
ئىچىمداكى دەردىمنى.
لا ئىلە لام ئەلىفدەك،
قارا - قارادۇر قاشىڭىز.
دايىما يالغۇز ياتۇرسىز،
يوقمۇدۇر يولداشىڭىز؟
يالغۇزلۇق جوق ياراشۇر،
سىز خۇدانىڭ بەندەسى.
ھەقتائالا ئارزۇ قىلامەن،
بولاي يولدا شىڭىز.
جېنىم گۈلسەن فەقىر بۇلبۇل بولايمۇ،
قولۇڭغە قونغالى قۇرغۇي بولايمۇ.
لاچىن ئۇچادۇر ئاسمان ئارالاپ
كۆزۈمنىڭ گۆھىرى كەتتى ساڭا قارالاپ.
قاشىڭىنىڭ قاراسىمۇ؟
كۆزۈڭنىڭ ئالاسىمۇ؟
بىزنى سىزغە كۆيدۇرگەن،
خۇدانىڭ بالاسىمۇ؟
قەلەمدەك قاشلارىڭ،
ئاي دەك جامالىڭ.
مېنى ئوتغە سالىپ
نەدۇر خىيالىڭ؟

سەمەرقەند ئالماسى،
سايىنىڭ بۇلاقى.
ئەجەب دۇشۋار ئىكەن،
يولنىڭ يىراقى.
سېنى مەن كۆرمىسەم،
باغرىم لەختە.
يۈرەك باغرىم بولادۇر،
لەختە لەختە.
يار كېسەلگە بار دەۋا،
ئىشقى ئوتىنىڭ دەۋاسى يوق.
كۆرسەتىپلار ئېيتاشادۇر
يارنىڭ ئېرۇر دەۋايىڭىز
قارا قارا قاشلارىڭ،
يالقىنەدۇر ساچلارىڭ.
ساڭا نېم ئەلەم كەلدى؟
قۇيالايدۇر ياشلارىڭ.
بارغە بۇران كەلدى،
ھىر كوچە راۋان كەلدى.
ھاراق نى ئىچىپ ـ ئىچىپ،
مەست بولۇپ ئاران كەلدى.
گۈل ئەگەر توفراقدا ياتسە،
گۈلنىڭ ئاتى گۈلتۇرۇر.
قۇل ئىگەر شاھزادە بولسە،
قۇلنىڭ ئاتى قۇلتۇرۇر.
سەن ئۆزۈڭنى كىشى دەيسەن
كىشى دېمەيدۇر سېنى،
گۈل بولۇپ باغدا ئاچىلساڭ،
باباشقە ساچمايدۇر سېنى.
سەن مېنى ئۇنۇتتىڭمۇ؟
كۆز ياشىم قۇرۇتتىڭمۇ؟
ئۈچ كۈن بولدى كەلمەيسەن،
بۆلەك يارنى تۇتتىڭمۇ؟
ئېگىز تاغ باشىغە چىقسام،
كۆرۈنمەيدۇر سېنىڭ يۇرتۇڭ،
مەن قايداغ قىلاي يارىم،
كۆيدۇردى سېنىڭ ئوتۇڭ.
تورا باشىغە چىقىپ،
تۇرۇپ ئېيتاي ناخشىنى.
ياخشى يارىم بولماسە،
كىمگە ئېيتاي ناخشىنى.

ئاندىن «يار سەنەم» دەپ بۇ قىسىم بېيتلارنى ئېيتادۇرلار:

ئەۋەل ئاخشام ئاي چىقتى ئۆكەر قېنى؟ يار سەنەم،
بىزنىڭ يارلار ئاتلاندى نۆكەر قېنى؟ يار سەنەم.
قىزىل ـ قىزىل قىيازنىڭ قوستى تولا، يار سەنەم،
ئۆيلەنمەگەن يىگىتنىڭ دوستى تولا، يار سەنەم.
قارا ـ قارا قارغولار خارماندەدۇر، يار سەنەم،
ئۆيلانمىگان يىگىتلار ئارماندادۇر، يار سەنەم.
ئەرگىم ـ ئەرگىم يوللاردىن ئىز كېلىدۇر يار سەنەم،
كىمخاق تونىنى قۇركۇنۇپ قىز كېلىدۇر، يار سەنەم.
قۇركەنمەڭ قىز قۇركەنمەڭ كىم كۆرىدۇ، يار سەنەم،
قارا ساچىنى سەن تاراپ كىم ئۆرادۇ، يار سەنەم.
يىغلاماڭ قىز يىغلاماڭ تويۇڭ بولۇر، يار سەنەم،
ئالتۇن بىلەن قوشۇلغان ئويۇڭ بولۇر، يار سەنەم.
سايدا يۈرگەن جىرنىنى سەككىز دەڭلار، يار سەنەم،
سەكىز قىزنىڭ بىرىنى سىڭلىم دەڭلار، يار سەنەم.
چاي چالىڭى جاي جالىنكى باشلايدۇرلار، يار سەنەم،
گۈلنى ئۈزۈپ چۈمەندگە تاشلايدۇرلار، يار سەنەم.

ئاندىن بۇ قىسىم بېيتلار ئايتىدۇر:

توغوچى شەھەرلەر ئىچىدە يوق ئىكەن سەندەك جامال،
چوڭ ـ كىچىكنى كۆيدۈرۈپ شەيدايى قىلغان سەن جامال.
سەن قايەردىن كېلىسەن چىرايلىقىم كۆزى خۇمار،
ساڭا تىلىم تەگمەسۇن ئېسىپ ئالغىل تىلتۇمار.
چىنەنى سىنۇق دېمەڭلار، چىنەدىن كۆڭلۈم سىنۇق،
ياردىن ئايرىلغىلى دۇنيا ماڭا قاراڭغۇلۇق.

جالدۇر ـ جالدۇر ئەمەسمۇ،
ساچى قۇقۇك ئەمەسمۇ.
ئون بەش ياشدا كۆيدۈرگەن،
سەن قەلەمقاش ئەمەسمۇ.
ئاخشام بارامەن يارىم،

ئىشىكنى قىيا ئاچىڭ.
چېبىنچە مېنىڭ ھالىم،
قىيناپ ئۆلتۈرمەڭ يارىم.
يارەي دەيدۇر، يارەي دەيدۇر،
يارىدا يوقدۇر ۋەفا.
يار ئاتىنى ئاتاماڭلار،
قىلادۇر جانغە جەفا.

يارى بارلار ئولتۇرادۇر ئىرمالاشىپ، چىرمالاشىپ،
يارى يوقلار ئولتۇرادۇر ھەر بولۇڭدا يىغلاشىپ.
ئاسماندا بۇلۇت ئۆرلەيدۇر ئېگىز يەردە قار بارمۇ؟
ئالەمنى كېزىپ كەلسەم سەندىن ياخشى يار بارمۇ؟
ئاسماندا مېنىڭ ئايىم سايباغدا مېنىڭ جايىم،
تۇشۇمگە كىرىپ قافتۇر قارا قاش مېنىڭ يارىم.
تاغلار باشىغە چىقسام كۆرۈنمەس سېنىڭ يۇرتۇڭ،
مەن قايداق قىلاي يارىم، كۆيدۇردى سېنىڭ ئوتۇڭ.
تاماكۇنى كىم تارتىدۇر دەردى بار كىشى،
ئاشىقلىقنى كىم قىلادۇر مېلى بار كىشى.
نىشە تارتىدور دەيدور چىلىم تارتىدۇر دەيدۇر،
شۇبۇ خەلق نېمە دەيدۇر دەردىم تولا بىلمەيدۇر.
ھاۋانىڭ تۇتۇقلۇغى ئاسماندا ئاينىڭ يوقلۇغى،
بۇ مېنىڭ يىغلاماقىم يانىمدا يارنىڭ يوقلوغى.
قارچىغە قابىل نىمە قاناتلارى قايرىلماسۇن،
ھەر كىشى ئۆز ياردىن ھەرگىز تىرىك ئايرىلماسۇن.
نامە ئىبەردىم سىزگە يارىم كۆڭلىڭىزگە كەلمەسۇن،
ماڭا سالغاننى خۇدايىم بەندەسىگە سالماسۇن.
مەن كىچىك نادان چېغىمدا بىر كۆرۈپ سېنى،
شول كۇنى ئوتۇڭدا كۆيدۇم بىلمەدىڭ يارىم مېنى.
سېنى مەن كۆرگەن زامان دىۋانە بولدۇم، نە قىلاي؟
شول خۇدانىڭ تەقدىرى بىچارەدۇرمەن، نە قىلاي؟
دىلبەرىم دەرمەن سېنى ئاشىقىم دېگىل مېنى،
تا قىيامەت بولغۇنچە سېنى دەرمەن سەن مېنى.
ئوڭ قولۇمغە ئۈزۈك سالدىم، سول قولۇمدا يوق،
مەن كوڭلۇمنى يارغە بەردىم، يار كۆڭلىدە يوق.
تاغلارغە مۇنار سالدىم ئەجەب بىر مۇنار بولدى،
ئوتۇڭدا تولا كۆيۈپ جانىمغە ئۇبال بولدى.
ئات مىنسەمما ئوينايمەن، مىنمەسەمما ئوينايمەن،
قىزنىڭ كىشىسى تولا، چوكان بىلەن ئوينايمەن.
دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام خىيالىمغە سەن كەلدىڭ،
سۆزۈڭ بولسە ئېيت، يارىم، مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.
يارىمنىڭ ئاتى ئايسە خىيالىمدىن چىقمايسەن،
سېنىڭ خىيالىڭ بار مەندىن ئايرىلاي دەرسەن.
قەلەمدەك قاشلارىڭ، ئايدەك جامالىڭ،
مېنى ئوتغە سالىپ نەدۇر خىيالىڭ؟
بو خاھىشىم بولسە قوپمىسام يار قاشىدىن،
خەلقى ئالەم بولماسە فەرۋانە بولسام باشىدىن.
ئارابىڭ چۆرەلەدۇر تۆمۈر ئولتاڭ بار ئۈچۈن،
ئاتلارىڭ ئويناشىدۇر ساڭدا قۇناق بار ئۈچۈن.
ئاتىنىڭ ئوبدانى جەردە، مېنىڭ ئاشىقىم نە يەردە؟
ئىستافما تاپالمايسەن مەيلى خولاغان يەردە.
يار دەيدۇر، يار دەيدۇر، يار قەدرىنى بىلمەيدۇر،
يار قەدرىنى بىلگەندە تاڭ سەھەردە يىغلايدۇر.
مۇسافىر كۆردۇڭمۇ مېنى تاماكۇ سافبەر دېگەلى،
مەن ئاتاڭنىڭ قۇلىمۇ؟ مەن سەفىرىپ سەن تارتغىلى.
تاغلار باشىدا كەكلىك يارىم بىلەن مەن ئەفلىك،
يار بىلەن تېفىشقاندا قارىپ سۆيگەلى ئەفلىك.
يارنىڭ يارى تولا مەندىن بۆلەك، مەندىن بۆلەك،
مەنغۇ يار توتماسمىنا ئا يارىم سەندىن بۆلەك.
كىمەرسە كۆرگەنىڭ مېنىڭ يالغانچى يارىمنى،
چىقىپ يولدا تورارمەن دەپ ئالىپ قاچتى تۇمارىمنى.
ئاتىمنى توقۇپ قويدۇم تۆش ئۇلاڭىنى تارتماي،
بۇ دەردلەرنى كىم تارتسۇن سىزنىڭ بىرلە مەن تارتماي.
قارا قۇش قۇشلاغالى بىلەك كېرەك، بىلەك كېرەك،
ئىماسى جاركى جۇگاننى سۆيگەلى قايداق يۈرەك.
كېتەرمەن يولۇم تۈزدۇر كېچە ماڭا كۈندۈزدۇر،
رۇخسەت بولسە كېتەرمەن يارىم ئاندا يالغۇزدۇر.
چىرايلىق ساندۇقۇمنىڭ سىرى سەنسەن،
قەمەردەك كۆزلەرىمنىڭ نۇرى سەنسەن.
بېھىشتىدە ئىككى گۈل بادەك دەپ ئىشتتىم،
نەۋادا شۇبۇ ئىككى گۈلنىڭ بىرى سەنسەن.
يۇقۇرىدىن تۇشىپ كەلگەن ئالا ئاتلىقىم،
ئالا ئاتنى مېنىپ كەلگەن قارا قاشلىقىم.
كۆزى فىياز قىسىرىقىدەك كۆزى قاتلاقىم،
قۇرۇق ئۈزۈم شەربەتىدەك سۆزى تاتلاقىم.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتوتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# ئالتۇن تاۋۇز

(چۆچەك)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر كەمبەغەل دېھقان بولغانىكەن. ئۇنىڭ بار - يوقى بىر تاپانچىلىق يېرى بولۇپ، دېھقان شۇ يېرىگە كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ قەدىر ئەھۋال تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر يىلى باھاردا دېھقان يېرىنى ئىككى قېتىم ھەيدەپ بولۇپ، ئېتىز بويىدىكى دەرەخ سايىسىدە سالقىنداپ ئولتۇرسا، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بىر تۇرنا پوككىدە ئېتىزىغا چۈشۈپتۇ. دېھقان يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا قانىتى سۇنۇپ كەتكەن تۇرنا سۇنايلىنىپ ياتقانىكەن. دېھقان تۇرنىنى دەرھال ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ سۇنۇق قانىتىنى تېڭىپ بىر قانچە ۋاقىت بېقىپتۇ. تۇرنا ساقىيىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

يىللار ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، دېھقانىنىڭ كۈنى شۇ پېتى ئۆتۈۋېرىپتۇ. بىر يىلى باھاردا دېھقان كېۋەز تېرىۋاتسا ھېلىقى تۇرنا ئۇنىڭ ئېتىزى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. دېھقان كېۋەزنى تېرىۋېرىپتۇ. بىراق تۇرنا پەسلەپ ئۇچۇپ كېلىپ دېھقانىنىڭ ئېتىزىغا ئۈچ دانە تاۋۇز ئۇرۇقى تاشلاپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ، كېۋەز بىلەن تەڭلا تاۋۇز ئۇرۇقىمۇ ئۈنۈپ چىقىپتۇ. دېھقان راسا ئىشلەپتۇ. يەرنى ۋاقتىدا ئوتاپ، سۇغىرىپ يۇمشىتىپتۇ. تاۋۇز پېلىكىدە تاۋۇز چۈشۈپ بارا - بارا يوغىرىشقا باشلاپتۇ. تاۋۇزمۇ پىشىپتۇ. دېھقان كۆڭلىدە ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىنى تاۋۇز بىلەن مېھمان قىلماقچى بولۇپ ئۇلارنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ. دېھقان ئۈزۈپ كەلگەن تاۋۇزنى پىچماقچى بولۇپ پىچاق سېلىپتۇ، ئەمما پىچاق تاۋۇزغا زادىلا ئۆتمەپتۇ. دېھقان ئىككىنچى تاۋۇزغىمۇ پىچاق سېلىپتۇ، پىچاق يەنىلا ئۆتمەپتۇ. ئۈچىنچى تاۋۇزمۇ شۇنداق بوپتۇ. بۇنىڭغا دېھقانمۇ، مېھمانلارمۇ ھەيرانۇھەس بولۇپ ياقىلىرىنى چىشلىشىپ قاپتۇ. دېھقان ئاچچىقىدا تاۋۇزنى يەرگە قاتتىق ئۇرغانىكەن، تاۋۇز يېرىلىپ ئىچىدىن تىللا تۆكۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېھقانلارنىڭ شۇنداقلا ئولتۇرۇشقان مېھمانلارنىڭ يۈزىدە خۇشاللىق جىلۋىلىنىپتۇ، مېھمانلار دېھقاننى تەبرىكلەپ بولۇپ بىر - بىرلەپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

ھەربىر تاۋۇز پېلىكىدە ئوندىن تاۋۇز چۈشۈپتۇ. دېھقان بۇ تاۋۇزلارنى ۋاقتىدا يىغىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەنتتىكى بايلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

دېھقانىنىڭ بىر باي دېھقان قوشنىسى بار

بولۇپ، بۇ باي دېھقان قوشنىسىنىڭ ناھايىتى تېزلا بېيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قەلبىدە ھەسەت ئوتى تۇتىشىپتۇ، ئۇ قوشنىسىنىڭ قانداق قىلىپ بېيىپ كەتكەنلىك سىرىنى بىلىش مەقسىتىدە قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ ھەمدە قوشنىسىدىن:

— سەن قانداق قىلىپ بېيىپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

كەمبەغەل دېھقان بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان باي دېھقان: «مەنمۇ ئاشۇنداق قىلىپ تىللالارنى قولغا كەلتۈرەي»، دەپ سايغا بېرىپ تۇرنىلارنى ساقلاپتۇ. بىر چاغدا تۇرنىلار ئۇچۇپ كېلىپ بايغا يېقىن جايغا چۈشۈپتۇ. باي ئاستاغىنا تۇرنىغا يېقىنلاپ بېرىپ قولىدىكى تاياق بىلەن تۇرنىنىڭ پۇتىغا ئۇرۇپتۇ، تۇرنىنىڭ پۇتى سۇنۇپ ئۇچالماي قاپتۇ. باي دەرھال تۇرنىنى تۇتۇپتۇ - دە، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ، باي تۇرنىنىڭ پۇتىنى تېڭىپ بىر مەزگىل ئۇنىڭغا ياخشى قاراپتۇ. تۇرنىنىڭ پۇتى تەدرىجىي ساقىيىپ بىر كۈنى ئۇچۇپ كېتىپتۇ. باي دېھقان كۈندە ئېتىزلىقتا چىقىپ تۇرنىنى كۈتۈپتۇ. كۈن ئاينى، ئاي كۈننى قوغلاپتۇ. دەۋر چاقى ئايلىنىپ كېتىۋېرىپتۇ. دېھقان تۇرنىلارنى كۈتۈۋېرىپ تاقىتى تاق بوپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دېھقان تۇيۇقسىز تۇرنىلارنىڭ يىراقتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بوپتۇ، تۇرنىلار ئۇچۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە ئۇنىڭغا ئىككى تال تاۋۇز ئۇرۇقىنى تاشلاپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. باي خۇشال بولۇپ ئىككى تال ئۇرۇقنى تېرىپتۇ. باي تاۋۇزنى خۇددى ئانا بالىسىنى پەرۋىش قىلغاندەك پەرۋىش قىپتۇ، تاۋۇزلار ناھايىتى يوغىناپتۇ. تاۋۇزلار پىشىشىغا باي ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ، ئۇ ئۈزۈپ كەلگەن تاۋۇزغا بىر پىچاق سالغانىكەن، تاۋۇزنىڭ ئىچىدىن غۇژمەك - غۇژمەك ھەرىلەر ئولتۇرغانلارنى چېقىشقا باشلاپتۇ. ھەرىلەر باينىڭ ھەممە يېرىنى چېقىپ ئۇنى تونۇغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

كەمبەغەل دېھقان ھالاللىق بىلەن مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ. باي دېھقان ئۆز قىلمىشىغا يارىشا جازاسىنى تارتىپتۇ.

ئېغىر كۈنى كۆرمەي ئەسلى،
ئۆتكۈر بولماس ھەركىم ئەقلى.

— دانالار ھېكمىتىدىن ئېلىندى.

# باتۇر قىز

نەشرگە تەييارلىغۇچى: دىلئارام باھاۋىدىن

قەدىمكى زاماندا بىر شەھەردە بىر بوۋاي ياشىغانىكەن. بوۋاينىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، بىرمۇ ئوغلى يوق ئىكەن. بوۋاي چىرايلىق ئۈچ قىزى بولغىنىدىن سۆيۈنسىمۇ، بىراق بىرمۇ ئوغلى يوقلۇقىدىن ئاغرىنىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاينىڭ كۆزى ئاغرىپ قېلىپ، بارا ـ بارا پۈتۈنلەي كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى تېۋىپلار داۋالاپتۇ، موللىلار ئوقۇپتۇ، باخشىلار «كۆچ ـ كۆچ» قىلىشىپتۇ، ئەمما ھېچقايسىسى پايدا قىلماپتۇ.

بوۋاي يورۇق دۇنيانى، ئەزىز پەرزەنتلىرىنىڭ يۈزىنى، يارۇ ـ دوستلىرىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولۇپ، بارغانسېرى ھالى خارابلىشىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى بىر كىشى «يىراق بىر شەھەردە بىر تېۋىپ بار، ئۇنىڭ بېغىدا بىر گىياھ ئۆسىدۇ، ئەنە شۇ گىياھتىن دورا تەييارلاپ كۆزگە سۈرسە، كۆرمەس كۆزلەر ئېچىلىپ كېتىدۇ» دەپ خەۋەر بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ:

— ئەگەر ئوغلۇم بولغان بولسا، بېرىپ ئاشۇ گىياھنى ئېلىپ كەلگەن بولاتتى. مەنمۇ بۇ دەردتىن خالاس بولاتتىم، — دەپتۇ. شۇ چاغدا بوۋاينىڭ چوڭ قىزى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئاتا، ماڭا ئىجازەت بېرىڭ، مەن بېرىپ شۇ دورىنى تېپىپ كېلەي.

— ئەي قىزىم، سېنىڭ قولۇڭدىن بۇ ئىش كەلمەيدۇ. بىكارغا ئاۋارە بولىسەن، — دەپتۇ بوۋاي. قىز ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا بوۋاي ئامالسىز رازى بوپتۇ. قىز ئاتنى ئېگەرلەپ، ئەرەنچە ياسىنىپ ئوزۇق ـ تۈلۈكنى تەييارلاپ يولغا چىقىپتۇ.

قىز يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى كېتىۋېتىپ ياغاچتىن ياسالغان بىر ئۆيگە كۆزى چۈشۈپتۇ. قىز «مۇشۇ يەردە چوقۇم ئادەم بار، شۇ ئادەمدىن يولنى سوراۋالاي» دەپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. ئىچكىرىدىن بىر مومايىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— كىم سەن؟ مەن ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن. ئۆزۈڭ كىرىۋەر.

قىز ئىشىكنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىپتۇ ۋە مومايغا سالام بېرىپتۇ، ئاندىن:

— ئانا، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، ھالىمنى ئەسلا سورىما، — دەپتۇ موماي، — مەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىلى ئۇزاق يىللار بولدى، ماڭا قارايدىغان بىرەر كىشىمۇ يوق.

قىز دەرھال خۇرجۇنىدىن يېمەكلىك چىقىرىپ، مومايغا يېگۈزۈپتۇ. موماي سەل دەرمانىغا كېلىپ قىزدىن سوراپتۇ:

— ئوغلۇم، قەيەردىن كەلدىڭ؟ قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟

— مەن يىراق بىر شەھەردىن كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ قىز، — ئاتامنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان، مەن دورا ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ موماي، — بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن، كۆپلىگەن قارىغۇ، كېسەل كىشىلەر بۇ دورىنى ئىزدەپ بېرىپ، مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي ھالاك بولۇشتى. بۇ دورىنى ئېلىپ كېلىشكە ھېچ كىشىنىڭ ئىلاجى يوق. ئەڭ ياخشىسى قايتىپ كەتكىن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قىز نائۈمىد بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئاتىسى خاتىرجەم بولۇپ دەپتۇ:

— قىزىم، مەن سېنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كەلگىنىڭدىن خۇشالمەن.

قىز بولغان ۋەقەنى ئاتىسى ۋە سىڭىللىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئوتتۇرانچى قىز ھەدىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاتا، ماڭا ئىجازەت بەرسىڭىز. مەن بېرىپ بىر ئامال قىلىپ شۇ دورىنى ئەكىلىمەن، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

— بۇ ئىش ھەدەڭنىڭ قولىدىن كەلمىگەن يەردە، سېنىڭ قولۇڭدىن كېلەرمىدى؟ — دەپتۇ ئاتىسى، — ياخشىسى بارمايلا قوي. بىكاردىن جاپا تارتىسەن.

ئەمما ئوتتۇرانچى قىز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، قايتا - قايتا يالۋۇرۇپ ئاتىسىنى ئاخىر قايىل قىپتۇ. ئۇ ئېتىنى ئېگەرلەپ، ھەدىسىگە ئوخشاش ئەرەنچە ياسىنىپ، چاچلىرىنى قالپاق ئىچىگە يوشۇرۇپ، يولغا چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ قىزمۇ ئاشۇ ياغاچ ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ - دە، ئېتىنى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئىچكىرىدىن مومايىنىڭ:

— كىم؟ مەن كېسەل، ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن، ئۆزۈڭ كىرىۋەر، — دىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

قىز ئىشىكنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىپ مومايغا سالام بېرىپتۇ ۋە مومايدىن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، ئەھۋالىمنى سورىمايلا قوي، — دەپتۇ موماي، — مەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىلى ئۇزاق ۋاقىت بولدى، ماڭا قارايدىغان ھېچ كىشى يوق.

قىز خۇرجۇنىدىن يېمەكلىك ئېلىپ مومايغا بېرىپتۇ. موماي سەل جانلىنىپ، ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى، نەگە ماڭغانلىقىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن، بىھۇدە ھالاك بولىسەن، — دەپتۇ. موماي قىز باردىغان جاي ھەققىدە شۇنداق دەھشەتلىك گەپلەرنى ئېيتىپتىكەن، بۇ قىزمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپتۇ ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئاتىسىغا ۋە ھەدە - سىڭىللىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بوۋاي غەمكىن ھالدا چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ دەپتۇ:

— ئوغلى يوق كىشىنىڭ ھالى مۇشۇنداق بولىدىكەن.

بۇ گەپ كىچىك قىزغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ، ئۇ ئەتىسى ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئىجازەت سوراپتۇ:

— ئاتا، رازى بولسىڭىز، مەن بېرىپ ئاشۇ دورىنى تېپىپ ئەكىلىمەن.

— ئەزىز قىزىم، — دەپتۇ ئاتىسى، — سەنمۇ بەربىر ھەدىلىرىڭدەك قايتىپ كېلىسەن. بولدى، بىھۇدە ئاۋارە بولمىغىن.

قىز كۆپ يالۋۇرغاندىن كېيىن ئاتىسى ماقۇل بوپتۇ. ئۇمۇ ھەدىلىرىگە ئوخشاش ئەرەنچە كىيىنىپ، يوغان بىر خۇرجۇنغا ئوزۇق - تۈلۈكىنى سېلىپ، يولغا چىقىپتۇ. قىز يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ھېلىقى كېسەل مومايىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ - دە، ئېتىنى دەرەخكە باغلاپ، ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئىچكىرىدىن مومايىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— كىم بولساڭ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىۋەر. مەن كېسەل، ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن.

قىز ئىشىكنى ئېچىپ، ئىچكىرىگە كىرىپتۇ

ۋە موماي بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇ سۇ ئەكىلىپ موماينىڭ يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپتۇ. ئاندىن ئەكەلگەن يېمەكلىكلىرىنى چىقىرىپ موماينى كاتتا مېهمان قىپتۇ.

— هەي ئوغلۇم، قەيەرلىكسەن؟ قەيەرگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

— مەن يىراق شەهەردىن كەلدىم. قارىغۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان دورا ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ قىز.

موماي چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ دەپتۇ:

— ئەي نادان ئوغلۇم، سەن كۆپلىگەن پالۋانلارنىڭ بۇ يولدا هالاك بولغىنىدىن بىخەۋەرسەن. سەن تېخى ياش يىگىتكەنسەن، بۇ ئاخىرى چىقمايدىغان يولدىن قايتقىن. ئەڭ ياخشىسى يا مېنىڭ يېنىمدا قال، يا بولمىسا ئۆيۈڭگە قايت.

قىز مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئانا، بېشىمغا هەرقانداق كۈلپەتلەر چۈشسىمۇ ماڭغان يولۇمدىن هەرگىز يانمايمەن.

— ئوغلۇم، — دەپتۇ موماي، — سېنىڭ نىيىتىڭ قەتئىي ئوخشايدۇ، سەن هەقىقەتەن باتۇر ئىكەنسەن. ئەمما، شۇنى ساڭا ئېيتىپ قوياي، بۇ بىر خەتەرلىك ۋە مۇشكۇل سەپەردۇر. مەن ساڭا ئەنە شۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئېيتىپ بېرەي. ئەگەر مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلساڭ، مەقسىتىڭگە يېتىسەن، ياخشى ئاڭلا، ئۇ تېۋىپ ساڭا دورىنى بىكارغا بەرمەيدۇ. ئۇ سەندىن ئۈچ باشلىق دىۋىنىڭ قولىدا ساقلىنىدىغان دەرەخ ئۇرۇقىنى ئەكىلىشىڭنى تەلەپ قىلىدۇ. سەن دىۋە ماكانىغا بارغاندا ئاۋۋال ئۇنىڭ سارىيىدىكى هەممە جانلىقلارغا، كېنىزەكلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن، ئاندىن بىر ئىلاج قىلىپ دىۋىنىڭ هۇجرىسىدىن ئاشۇ دەرەخ ئۇرۇقىنى ئېلىپ قاچقىن، دىۋە سېنى قوغلايدۇ، مانا بۇ ئەينەك، تارغاق، قايچىنى ئال. دىۋە هەر قېتىم ساڭا يېقىنلىشاي دېگەندە بۇلاردىن بىرىنى تاشلىساڭ دىۋىنىڭ يولى ئېتىلىدۇ. ئەمدى يولغا چىق، سەپىرىڭ خەيرلىك بولسۇن.

قىز ئەينەك، تارغاق، قايچىنى ئېلىپ، مومايغا كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ نەچچە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئۈچ باشلىق دىۋىنىڭ ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، دىۋىنىڭ دەرۋازىسى ۋەيرانە ۋە مەينەت ئىكەن. قىز ئەپچىللىك بىلەن دەرهال دەرۋازىنى ئوڭشاپ، پاكىز تازىلاپتۇ. ئاندىن سەل نېرىراققا بېرىپ قارىسا، بىر ياقتا يوغان بىر نەچچە ئىت، يەنە بىر ياقتا بىر نەچچە ئات باغلاقلىق تۇرغان بولۇپ، ئاتلارنىڭ ئالدىدا سۆڭەك، ئىتلارنىڭ ئالدىدا بولسا بېدە تۇرغانىكەن. ئۇ بېرىپ سۆڭەكلەرنى ئىتلارنىڭ ئالدىغا، بېدىلەرنى ئاتلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. قىز ئىچكىرىگە كىرىپ قارىسا، بەش ـ ئالتە كېنىزەك تونۇرنى قىزدىتىپ، دىۋىگە نان يېقىۋاتقان بولۇپ، نانلارنى قوللىرىغا هېچ نەرسە كىيمەستىن تونۇرغا سالغاچقا، قوللىرى كۆيۈپ كېتىۋاتقانىكەن.

قىز ئۇلارغا سالام بېرىپ هال ـ ئەهۋال سوراپتۇ ۋە هەربىرىگە بىردىن يەڭلىك تىكىپ بېرىپتۇ. كېنىزەكلەر بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ.

— ئەي يىگىت، بۇ يەرگە نېمە مەقسەتتە كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇلاردىن بىرى.

قىز مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

— بۇ ئىش تولىمۇ قىيىن، — دەپتۇ ئۇ كېنىزەك، — دىۋە ئۇرۇقلارنى خالتىغا سېلىپ، بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتىدۇ، خالتىنى قولغا چۈشۈرۈش ئاسان ئەمەس. قولغا چۈشۈرگەن بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن.

— ئەگەر ئۇرۇقنى ئالسام، باشقا ئىشلارغا بىر ئامال قىلارمەن، — دەپتۇ قىز.

— ئۇنداق بولسا بارغىن، دىۋە هازىر ئۇيقۇدا بولۇشى مۇمكىن، — دەپ مەسلىهەت بېرىپتۇ كېنىزەك، — ئەگەر دىۋىنىڭ ئىككى كۆزى ئوچۇق بولسا ئۇخلىغىنى، خالتىنى ئاستا ئېلىۋالغىن. ئەگەر بىر كۆزى ئوچۇق بولسا ئۇ ئويغاق، تېزدىن ئارقاڭغا قايت.

قىز بېرىپ قارىسا، دىۋىنىڭ ئىككى كۆزى ئوچۇق ئىكەن، ئۇ پايلاپ تۇرۇپ ياستۇق تېگىدىن

خالتىنى ئېلىپلا قېچىپتۇ.

دىۋە ئويغىنىپ كېتىپ ۋارقىراپتۇ:

— ھەي كېنىزەكلەر، ئوغرىنى تۇتۇڭلار.

— ياق، — دېيىشىپتۇ كېنىزەكلەر، — ئۇ بىزگە ياخشىلىق قىلىپ يەڭلىك تىكىپ بەردى. ئۇنى تۇتمايمىز.

— ھەي ئاتلار، تۇتماسلەر ئۇنى، — دەپتۇ دىۋە.

— ياق، بىز ئۇنى تۇتمايمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاتلار، — سەن بىزگە سۆڭەك بېرەتتىڭ، ئۇ بىزگە ياخشىلىق قىلىپ بېدە بەردى.

— ھەي ئىتلار، ئۇنى سىلەر تۇتۇڭلار، — بۇيرۇق بېرىپتۇ دىۋە.

— ياق، — دەپتۇ ئىتلار، — ئۇ بىزگە ياخشىلىق قىلىپ سۆڭەك بەردى، ئۇنى تۇتمايمىز.

— ھەي دەرۋازا، — دەپ ۋاقىراپتۇ دىۋە ئاچچىقى بىلەن، — دەرھال ئۇنى توسقىن.

— ياق، — دەپتۇ دەرۋازا، — سەن مېنى ۋەيرانە پېتى تاشلاپ قويغانىدىڭ، ئۇ ياخشىلىق قىلىپ مېنى ياساپ تازىلاپ قويدى، ئۇنى توسمايمەن.

دىۋە نائىلاج ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپتۇ. ئۇ جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپ يېتىشۋالاي دېگەندە، قىز ھېلىقى موماي بەرگەن ئەينەكنى ئارقىسىغا تاشلاپتىكەن، ئەينەك كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مەۋج ئۇرۇپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئايلىنىپتۇ. دىۋە مىڭ تەسلىكتە دەريادىن ئۈزۈپ چىقىپ، يەنە قىزغا يېقىنلاشقىلى باشلاپتۇ. يېتىشۋالاي دېگەندە قىز قايچىنى تاشلاپتۇ. قايچا شۇ زامان ئېگىز ۋە ھەيۋەت يوغان تاغقا ئايلىنىپتۇ، دىۋە تاغنىڭ كەينىدە قاپتۇ. لېكىن، ئۇ مىڭ جاپادا تاغدىن ئۆتۈپ يەنە قىزنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ قىزغا يېتىشەيلا دەپ قالغاندا قىز تارغاقنى كەينىگە تاشلىغانىكەن، دىۋىنىڭ ئالدىدا چەكسىز كەتكەن تىكەنلىك پەيدا بوپتۇ. دىۋە بۇ تىكەنلىكتىن ئۆتۈشكە ئامال قىلالماي كەينىگە قايتىپتۇ. قىز ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن تېۋىپ ياشايدىغان شەھەرگە ساق - سالامەت يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىزدەپ، سوراپ يۈرۈپ تېۋىپنىڭ ئۆيىنى تېپىپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپتۇ. ئىچكىرىدىن بىرى:

— ھازىر، — دەپ كېلىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. قىز سالام - سەھەت قىلىپ ئىچكىرىگە كىرىپتۇ ۋە تېۋىپ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

تېۋىپنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ دەرھال ئىچكىرىدىن چىقىپ، مېھماننى قارشى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ.

قىز سالام - سەھەتتىن كېيىن مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئېنىق ئېيتىپتۇ.

تېۋىپنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ دەرھال ئىچكىرىدىن چىقىپ، مېھماننى قارشى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ.

قىز سالام - سەھەتتىن كېيىن مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئېنىق ئېيتىپتۇ.

— مەن بۇ دورىنى بىر دەرەخنىڭ ئۇرۇقىنى تېپىپ كەلگەن ئادەمگە بېرىمەن، — دەپتۇ تېۋىپ.

— مەن ئۇنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ قىز ئۇرۇقنى تېۋىپقا ئۇزىتىپ.

— ئىنتايىن قالتىس، ئىنتايىن قالتىس! — دەپتۇ تېۋىپ، — سىز ساۋابلىق ئىش قىپسىز، مەن بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن كېسەل كىشىلەرنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىمەن!

تېۋىپ قىزدىن سوراپتۇ:

— بۇ ئۇرۇق ئۈچ باشلىق دىۋىنىڭ قولىدا ئىدى، سىز بۇنى قانداق ئالدىڭىز؟

قىز بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئاپىرىن، بارىكاللا، — دەپتۇ تېۋىپ، — سىز باتۇر يىگىت ئىكەنسىز، مانا بۇ ئۇرۇقنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كېتىڭ، ئۇنى ھەرقانداق كېسەلگە بەرسىڭىز ساقىيىپ كېتىدۇ. ماۋۇ كۆز ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ، ئاتىڭىزنىڭ كۆزىگە سۈرتسىڭىز كۆزى ئېچىلىپ كېتىدۇ. ماۋۇ بولسا

شۇنداق بىر گىياھنىڭ ئۇرۇقىكى، ئۇنىڭ بەرگىدىن دورا تەييارلاپ ھەرقانداق كېسەل ئادەمگە بەرسىڭىز كېسىلى ساقىيىدۇ.

— چوقۇم دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، — دەپتۇ قىز. تېۋىپ قىزغا دورىنى تەييارلاش ئۇسۇللىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاندىن قىزنى ئۈچ – تۆت كۈن مېھمان بولۇپ قايتىشقا تەكلىپ قىپتۇ. قىز رازى بوپتۇ. تېۋىپ بىرنەچچە دوست – بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ قىزغا نەچچە كۈن زىياپەت بېرىپتۇ. بىر كۈنى تېۋىپنىڭ بىر يېقىن دوستى دەپتۇ:

— سىزنىڭ بۇ مېھمىنىڭىز قىز بالا ئىكەن، لېكىن يىگىتنىڭ كىيىمىنى كىيىۋاپتۇغۇ؟

— ياق، — دەپتۇ تېۋىپ، — ئۇ قالتىس قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ياۋۇز دېۋىنىڭ قولىدىن قىممەت باھا نەرسىنى ئېلىپ كەلگەن پالۋان يىگىت!

— سىز يېڭىلىشىۋاتىسىز، ئۇ قىز بالا، — دەپتۇ تېۋىپنىڭ دوستى، — سىز ئۇنىڭغا ئوغلىڭىزنىڭ ھۇجرىسىغا ئورۇن سېلىپ بېرىڭ. ئاندىن ئىككىسىنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا بىر تالدىن ئاق ئەتىرگۈل قويۇڭ. ئەگەر ئۇ قىز بالا بولسا گۈل سولىشىدۇ، ئوغۇل بولسا ئۆزگەرمەيدۇ.

تېۋىپ دوستىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قىپتۇ، زېرەك قىز يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي تېۋىپنىڭ ئوغلى بىلەن پاراڭلىشىپ، ھېكايە ئېيتىشىپتۇ.

تاڭ ئاتاي دېگەندە تېۋىپنىڭ ئوغلى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. قىز ياستۇقىنىڭ تېگىدىن سولىشىپ قالغان ئەتىرگۈلنى ئېلىپ، ئاستاغىنا باغقا چىقىپ تاشلىۋېتىپ، يېڭىدىن ئېچىلغان بىر تال ئەتىرگۈلنى ئەكىرىپ، ياستۇقىنىڭ تېگىگە قويۇپتۇ. تېۋىپنىڭ ئوغلى يالغاندىن ئۇخلىۋالغانىكەن، ئۇ چاندۇرماي قىزنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ يېتىپتۇ.

تاڭ ئېتىشى بىلەن تېۋىپ ئۇلارنى ئويغىتىپتۇ، ئۇلار ئۆيدىن چىقىشى بىلەن تېۋىپ ئۇلارنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا قاراپ، گۈللەرنىڭ ئۆز پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قىز يۇرتىغا قايتىماقچى بوپتۇ. تېۋىپ ئىززەت – ئىكراملار بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. قىز خەيرلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. تېۋىپنىڭ ئوغلى ئۇنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئاتىسىدىن رۇخسەت ئاپتۇ. ئىككىيلەن كېچە – كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاخىر قىزنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ.


قىزنىڭ دورا ئىزدەپ يۇرتىدىن چىقىپ كەتكىنىگە خېلى ئۇزاق ۋاقىت بولغانىكەن، ئاتا – ئانىسى ۋە ھەدىلىرى ئۇنى بىرەر پالاكەتكە ئۇچرىغانمىدۇ دەپ ئەنسىرەپ يۈرگەنىكەن. ئاتىسىنىڭ بىر دەردى مىڭ دەرد بولۇپ، قىزىغا رۇخسەت بەرگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ يۈرگەندە، قىز ساق – سالامەت قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بولغان ۋەقەلەرنى ئۆيدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىپ، ئەكەلگەن دورىسىنى ئاتىسىنىڭ كۆزىگە سۈرتۈپتۇ. ئاتىسىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، كۆزى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى قايتىدىن تۇغۇلغاندەك ھېس قىلىپ خۇشال بوپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەزىز قىزىم، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ ئوغلۇم يوق دەپ ئاغرىنمايمەن، سەن ئون ئوغۇلنىڭ ئىشىنى قىلدىڭ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، بەختىڭ زىيادە بولسۇن !

شۇنىڭدىن كېيىن تېۋىپنىڭ ئوغلى بوۋايغا قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، قىزنى سوراپتۇ. بوۋاي قىزىنىڭمۇ ئۇ يىگىتكە كۆڭلى بارلىقىنى بىلىپ، ئۇلارغا رازىلىق بېرىپتۇ.


ئەقىللىق يىگىت بىلەن باتۇر قىز تويى قىلىپ، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

(1990 – يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «جاھىل قوچقاچ» ناملىق كىتابقا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى)
(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا)



بىشەكشىرىن سودىسى

(رەسسام: ئەسقەر تۇردى)


غەرايىبۇسسىغەردىن تاللانما

كۆز ياشىم بولدى رەۋان بىر نەرگىسى جادۇ كۆرۈپ،
تىفل ياڭلىغكىم يۈگۈرگەي ھەر تەرەف ئاھۇ كۆرۈپ.
قالدى ھەيران زاھىد ئەشكىمدە كۆرۈپ ھەريان ھۇباب،
رۇستايىدە گۈل ھەيرەت ئەيلەگەي ئوردۇ كۆرۈپ.
جان ئارا تىغىڭ كۆرۈپ كۆڭلۈم قۇشى تۈزدى نەۋا،
تۇتسەكىم تەككەللۇم ئەيلەگەي كۆزگۈ كۆرۈپ.

ۋادىئى ئىشقىڭ مەكان قىلدى كۆڭۈل كۆرگىچ يۈزۈڭ،
ئەل بەيابان ئىچرە مەنزىل ئەيلەگەندەك سۇ كۆرۈپ.
جاندا ئوز داغىن كۆرۈب ئاتەشقا غەمنى ئاڭلادى،
ئول كىشى دەككىم تانغاي ئوز قولىن بەلگۈ كۆرۈپ.
بادە تۇتقاچ دەمبەدەم بىخۇد بولۇرسەن ئول كۆزگۈدىن،
باردى ھوشۇم يار ھۇسنى جىلۋەسىن ئۈزرە كۆرۈپ.
ئەي نەۋائىي، دەفئى ئولۇر خالىن كۆرۈپ كۆھى غەمىم،
فىل ياڭلىغكىم ھەزىمەت ئەيلەگەي ھىندۇ كۆرۈپ.

نەۋائىي غەزەللىرىدىن


# 源　泉（布拉克）

بۇلاق

（维吾尔文）　总135期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 135- سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：阿布来提·伊明　副主编：买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:7.50元
广告经营许可证号: 6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108　باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043